

2014
2

源泉（布拉克）◎BULAK

ISSN 1005-0876

04

9 771005 087006
定价：8.50元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



زامان ئەينىكى

هاشىم ۋەتەن دوست سىزغان

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

36 - يىل نەشرى    ئومۇمىي 155 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

كەلدى نەۋرۇز، شادلىقدىن ئويناشۇر شاهۇ گەدا،
باغدا كاككۇك، تاغدا ئىسهاق، جانۋرلار سايراشىپ قىلغاي نىدا،
هەللاز ئېتىپ، ئاتلار ئويناپ، هاڭرار ئېشەك، ئازنار بۇقا،
بارچە زىجان سايراشۇر سازدا بۇلاق بىرلە فاقا،
بارچە مەخلۇقات هەمە ئازاد مەۋزۇندۇر بۇ كۈن.

ياز بولدى، گۇل ئاچىلدى، هەر تەرەپدە لالەها،
ئالما، ئۆرۈك مېۋەلەپ، تۈرلۈك مېۋە بارىها،
ئارپا، بۇغداي تارىشىپ، ئۆيگە بارساڭ نانىها،
قوغۇن ـ تاربۇز سويمالاپ، باراڭلىقلار سايەها،
قەهەتلىك كەتدى بۇ كۈن، توقلۇق كۈنى كۈندۈر بۇكۈن.

ئىبتىدا قىلدۇق، نەۋرۇزدىن باشلادۇق،
بۇ نەۋرۇزنىڭ خۇشلۇقدىن هەر ئويۇننى باشلادۇق،
كۆتدە قاتتىق شا لىبۇرۇڭ، باشدا تۇماقنى تاشلادۇق،
شاتۋاردە شىم كىيىپ، جۇۋا تاۋاقنى تاشلادۇق،
ئاتلار مىنىپ، ئوغلاق ئالىپ مەشرەپ قىلار كۈندۈر بۇ كۈن.

«نەۋرۇزنامە» دىن

# بۇلاق

2014 ـ يىللىق 2 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت

# بۇ ساندا

## ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

سازلار مۇنازىرىسى ............................................... ئەھمەدىي (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەرافات ھەسەن مۇسابايېۋ، مۇھەممەدئەلى ئوبۇلتارى دىلئاچار
قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى «يىغلاڭغۇ بودىساتۋانىڭ ھېكايىسى ............... (17)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: رازىيە نۇرى

## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر قىسىم لىرىك ژانىرلار ھەققىدە ............ قۇربانجان ئابدۇقادىر (42)
شائىر ھۇۋەيدانىڭ «ئۆزگەدۇر» رادىفلىق غەزىلى ۋە ئۇنىڭ شەرھى ...................... توختى نۇر (64)
ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا «چاھار دەرۋىش» تىپىدىكى ئەسەرلەر ............ ئەنۋەر مەتسەيدى (67)

كىتاب نۇر بېكىتى
nurkitap.com

## تېبابەت دۇردانىلىرى ۋە تەتقىقاتى

دىيارىمىزدىن تېپىلغان قەدىمكى تىل ـ يېزىقلاردىكى تېبابەتچىلىككە دائىر بايانلار ....... ئابلىز مۇھەممەد سايرامىي (81)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ۋاپادار دوست (چۆچەك) ........................................................................................ (100)
توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەد ئوسمان ئەمرى
ئۈچ رىۋايەت ........................................................................................ (108)
توپلاپ رەتلىگۈچى: سابىرجان سىيت

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: چەكچى قىز (رەسسام: روزىتا نىگاھى شىرازى)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى : دىلئارام باھاۋىدىن
ياردەمچى مۇھەررىرى : مۇتەللىپ ئىسمايىل
كوررېكتورى : ئارزۇگۇل كېرەم
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مۇقەددەس دىلشات

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@aliyun . com
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991



ئەھمەدىي

# سازلار مۇنازىرىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف، مۇھەممەدئەلى ئوبۇلتارى دىلئاچار

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: 15 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن بىرى شائىر ئەھمەدىيدۇر. ھېچقانداق مەنبەدە تىلغا ئېلىنمىغان بۇ شائىرىمىزنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە ئائىت مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئۇنىڭ بىزگىچە «ھەجىم جەھەتتىن كىچىك، ئەمما بەدىئىيلىكى يۇقىرى[1]» بولغان، سازلار مۇنازىرىسىگە بېغىشلانغان بىرلا ئەسىرى يېتىپ كەلگەن بولۇپ، كېيىنكىلەر تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن يېگانە نۇسخىسى ھازىر بىرىتانىيە مۇزېيىدا Add.7914 نومۇرلۇق مەجمۇئەنىڭ 321b — 328b بەتلىرىدە ساقلىنىۋاتىدۇ[2]. ئەسەرنىڭ قول يازمىسىدا مۇنازىرىگە ھېچقانداق ماۋزۇ قويۇلمىغان، پەقەت كېيىنكى تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن «سازلار مۇنازىرىسى» دېگەن نامنى بېرىشكەن. چەت ئەل ئالىملىرىدىن خ. ف. خوفمان، مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە ۋە كەمال ئارسلانلار ئەسەرنىڭ تىل ۋە ئۇسلۇبىغا ئاساسەن شائىرىمىزنىڭ 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 15 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى تەخمىن قىلىشىدۇ[3]. بۇ ھەقتە ئېرگەش رۇستەموف بىلەن يانۇش ئېكمان تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ، ئەسەردىكى:

دېدىكى: ھەي ـ ھەي بۇ نېدۇر ماۋۇمەن،
كەلدى مەگەر مۇھتەسىبى خوم شىكەن.

دېگەن بېيىتكە، ھەم ئۇنى يۇسۇف ئەمىرىينىڭ «بەڭ ۋە چاغىر» مۇنازىرىسىدىكى بەڭنىڭ چاغىرغا ئېيتقان: «سېنى ئىچكەن كىشى مۇدام بەلاۋۇ دام ئاستىدا ۋە مۇھتەسىب دەستىدە[4]» سۆزلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شاھرۇخ مىرزا زامانىسىدا مەينىڭ چەكلەنگەنلىكىگە ئاساسلىنىپ، ئەھمەدىينىڭ شاھرۇخ مىرزا زامانىسىدا ئۆتكەن شائىرلىقىنى ۋە يۇسۇف ئەمىرىينىڭ زاماندىشى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشىدۇ[5].

ئەسەر ئون قۇرلۇق بىر نەسرىي مۇقەددىمە ۋە 130 بېيىتلىق ئاساسىي تېكىستتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تەمبۇر، ئۇد، چەڭ، قوبۇز، ياتۇغان، رەباب، غىجەك ۋە كوڭگورەدىن ئىبارەت سەككىز سازنىڭ ئۆزئارا مۇنازىرىسى ئاساسىدا راۋاجلانغان. ئەسەر مەسنەۋى شەكلىدە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ «سەرىئى مۇسەددەسى مەتۋىيى مەكشۇف» ۋە «سەرىئى

---

① زوھەل ئۆلمەز: «چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى توغرىسىدا تەتقىقاتلار»، «تۈركىيە تەتقىقاتلىرى (ئەدەبىيات)» ژۇرنىلى، 2007 ـ يىللىق 9 ـ سان، 184 ـ بەت.

② ئېرگەش رۇستەموۋىچ رۇستەموف: «15 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۆزبېك شېئىرىيىتى»، موسكۋا، 1963 ـ يىلى نەشرى، 299 ـ بەت؛ كەمال ئارسلان: «چاغاتاي شېئىرى»، «تۈرك تىلى» مەجمۇئەسى، 1986 ـ يىلى 7 — 8 ـ ئايلىق قوش سان، 629 ـ بەت؛ كەمال ئارسلان: «ئەھمەدىي — مۇنازىرە»، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى «تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 131 ـ بەت.

③ مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە: «چاغاتاي ئەدەبىياتى» (تۈركچىدىن تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى تەرجىمىسى)، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2001 ـ يىللىق 3 ـ سان،73 ـ بەت؛ كەمال ئارسلان: «چاغاتاي شېئىرى»، «تۈرك تىلى» مەجمۇئەسى، 1986 ـ يىلى 7 — 8 ـ ئايلىق قوش سان، 628 ـ بەت؛ زوھەل ئۆلمەز: «چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى توغرىسىدا تەتقىقاتلار»، «تۈركىيە تەتقىقاتلىرى (ئەدەبىيات)» ژۇرنىلى، 2007 ـ يىللىق 9 ـ سان، 185 ـ بەت.

④ يۇسۇف ئەمىرىي: «بەڭ ۋە چاغىر» (ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف قاتارلىقلار تەييارلىغان)، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2014 ـ يىللىق 1 ـ سان، 13 ـ بەت.

⑤ ئېرگەش رۇستەموۋىچ رۇستەموف: «15 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۆزبېك شېئىرىيىتى»، موسكۋا، 1963 ـ يىلى نەشرى، 204 ـ بەت؛ كەمال ئارسلان: «چاغاتاي شېئىرى»، «تۈرك تىلى» مەجمۇئەسى، 1986 ـ يىلى 7 — 8 ـ ئايلىق قوش سان، 628 ـ بەت.

مۇسەددەسى مەتۆيىي مەۋقۇف» ۋەزىنلىرىدە ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن يېزىلغان. لېكىن نېمە سەۋەبتىنكى، ئېرگەش رۇستەموف ئۆزىنىڭ «15 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۆزبېك شېئىرىيىتى» ناتلىق كىتابىدا ئەسەرنىڭ ۋەزنى توغرۇلۇق: «نەسرىي مۇقەددىمىدىن كېيىن مەسنەۋى شەكلىدە، رەمەلى مۇسەددەسى مەھزۇف ۋەزنىدە يېزىلغان تېكىست باشلىنىدۇ... بۇلاردىن سىرت، ئەھمەدىينىڭ ئەسىرى رەمەلى مۇسەددەسى مەھزۇف ۋەزنىدە يېزىلغان بولۇپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر قوشاقلىرىنىڭ ۋەزنلىرىدىن بىرىگە يېقىن[1]» دېگەنلەرنى يازىدۇ. دەرۋەقە «سەرىئى مۇسەددەسى مەتۆيىي مەكشۇف» ۋەزنىنىڭ بەزى تەرەپلىرى «رەمەلى مۇسەددەسى مەھزۇف» ۋەزنىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمدى بىز ئەسەرنىڭ:

ھەردەم ئاقىپ كۆز ياشىدىن سەيلى خۇن،
جاندا ئەلەم باشتا ھەۋايى جۇنۇن.
— V V — / — V V — / — V ~
مۇفتەئىلۇن مۇفتەئىلۇن فائىلان

دېگەن بېيىتىنى مىسال قىلىپ، ۋەزىن ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلساق، بىرىنچى مىسرادا سەرىئ بەھرىنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆزگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ مىسرادا «مۇفتەئىلۇن» رۇكنىدىن باشقا يەنە «فائىلاتۇن» رۇكنىنىڭمۇ ئالامەتلىرى مەۋجۇت. يەنى مىسرا «فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلان» ۋەزنىگىمۇ توغرا كېلىدۇ. لېكىن، ئىككىنچى مىسرادىكى «ئەلەم»، «ھەۋا» سۆزلىرى ئالدىنقى ئىككى رۇكنىنىڭ «فائىلاتۇن» ئەمەس، بەلكى «مۇفتەئىلۇن» ئىكەنلىكىنى مانا مەن دەپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، بىز ئۆزبېك ئالىمى ئېرگەش رۇستەموفنىڭ ئەھمەدىي مۇنازىرىسىنىڭ ۋەزنىگە ئائىت يۇقىرىقى پىكىرلىرىنى قەتئىي رەت قىلىمىز.

«سازلار مۇنازىرىسى» چارلېز رىيۇ، مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە، خ. ف. خوفمان، ئېرگەش رۇستەمووىچ رۇستەموف، يانوش ئېكمان، كەمال ئارسلان ۋە ج. ئې. بودروگلىگېتى قاتارلىق چەت ئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن ئۆگىنىلدى ۋە تەتقىق قىلىنىدى. مۇنازىرىنىڭ بىرىتانىيە نۇسخىسى ئاساسىدا ئېرگەش رۇستەموف ئەسەرنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى بىلەن فاكسىمىلىنى 1963 ـ يىلى موسكۋادا نەشر قىلدۇرغان بولسا؛ كەمال ئارسلان لاتىن يېزىقىدىكى ئوقۇلغۇسى، تۈركچە تەرجىمىسى بىلەن ئىندېكسىنى قوشۇپ، 1986 ـ يىلى ئىستانبۇلدا چىقاردى. بىزدە تۇرسۇن ھامىت ئەپەندىنىڭ تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنىدى. ئەمما بۇنىڭدا نەسرىي مۇقەددىمە، «تەنبۇرە تەئرىز بىلە جەۋاب ئايغانى (چەڭگە)»، «تەنبۇرە تەئرىز بىلە جەۋاب ئايغانى (ياتۇغانغا)»، «تەنبۇرە تەئرىز بىلە جەۋاب ئايغانى (رەبابقا)»، «غىجەك ئۆزىنى تەئرىف قىلىپ، تەنبۇرەنى تەئرىز قىلغانى»، «تەنبۇرە تەئرىز بىلە جەۋاب ئايغانى (غىجەككە)»دىن ئىبارەت ئالتە بۆلەك كەم قالغان. بۇ ئالتە بۆلەك تولۇقلىنىپ تەييارلاندى.


بسم الله الرحمن الرحيم وبه نستعين
سپاس نی قیاس حضرت ذو الجلال عز جل جلاله کم خالق کل اشیا
ورازق جمیع احیا ایرور وسیج شی اشیادین انینک ذکریدین خالی ایرمس
... السموات وما فی الارض ودرود سرور مخلوقات
واشرف موجودات محمد مصطفی صلی الله علیه وسلم کم بیچارەلارنینک
پناهی وعاصی امتلارنینک شفاعت خواهی ایرور علی آله واصحابه
اما بعد بو پریشان اوراق احباب التماسیدین دوجامه نینک اراسیدا
مناظره ومباحثه تصنیف قیلندی بو مسرسازنی اونکا اوصاف بیرلا

بىز بۇ قېتىم «سازلار مۇنازىرىسى»نىڭ بىرىتانىيە مۇزېيىدا 7914 رەقەملىك مەجمۇئەدە ساقلىنىۋاتقان، جاھان ئىلىم ئەھلىگە ھازىرغىچە مەلۇم بولغان بىردىنبىر نۇسخىسىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئوقۇلغۇلاپ، سۆزلۈك ۋە فاكسىمىلى بىلەن نەشرگە تەييارلىدۇق.

[1] ئېرگەش رۇستەمووىچ رۇستەموف: «15 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۆزبېك شېئىرىيىتى»، موسكۋا، 1963 ـ يىلى نەشرى، 206 ـ، 212 ـ بەتلەر.

علی قدر معال تعریف قیلیبدی نا اهل طبیعت لار اندین اینک یندی
کیب قیلسون دیب ولیکن بو فن نینک صاحب رازی و بو هنر نینک
سخن پردازی و بو مناظره نینک مرشدی الداعی المسلمین احمدی احسن الله

سوز ابتداسی

برکیچه غم بیرله خراب ایدیم        محنت دوران بیله شادان ایدیم
کلبۀ احزان ایچیدا خوار و زار        اولتوروبان دیدۀ جان اشکبار
مونیسیم اول یار خیالی و بس        اول ایدی فریادیمه فریادرس
نقل غم و باده یوراک قانیدین        عود خجل اشکیم اقاندین
مردم اینبکوز یاشیدین سیل خیز        ایچیدا الم باشیغه سوای خیز
جیقیدی فغان اول دم افلاک تین        اوتی بو نه پردۀ افلاک تین
نقل بوید اولوب ایلادی پاک        پیرهن صبر تقاسینی چاک

هر بیری اوزینی ستایش قیلیب        صوت و عمل نقش نمایش قیلیب
بارچاسی هر بیری قیلیب امتحان        اورتادا بحث ایردی و جنک و فغان

مبحث ابتداسی اول طنبورە سوزی

طنبورۀ غمزه گری فتنه جوی        مجمع اول سازغه کیلتوردی روی
دیدی بونی فتنه و غوغا ایرور        باشیغه بیهوده سودا ایرور
عربده و جنک سندور از گزاف        پرده بیلا سوزلاتی تا کی بولاف
پرده میدیک توزوک آهنکنی        ناله زاریم ایرور تینک سینی
پرده دا اول مرغ سخن سازمین        فتنه اشیکیده بیلا بین نازمین
بارچه غذا تیاپای ز طریق صواب        جمله مقامات ته بیر پر جواب

عود اوزین تعریف قیلیب طنبورەنی تعریض قیلغانی

عود ایشیتیب کوپدی اینک بیرلەدن        اورتامیان باشلادی [illegible]

این تکیبان تا شعاری جیقتیم روان        تون یاریبی لوتوب ایدی نی و زمان
خلق جهان بارچاسی آرام ایدی        تیره و تاریک عجب شام ایدی
یولدوز و آی کوکته پدید ایردی        توندین ایدی پرتو انوار نوق
کوردی خرد قالدی بو حالت تا ل        باردی ضمیریمدین اوشال قیل و قال
کیلدیم اوشال حالدا جاندین به تنک        جیقدی خرابات نه غوغای جنک
تنکلادیم اول حالنی حیرت تونی        یتی فلک باسیدە غوغا اونی
دیدیم ای یارب عجب آواز ایرور        سر نغمی اوز کاسر او از ایچیدور
بولدوم اوشال لحظه بیکنا کهان        سوی خرابات ایشیتیب اوشان
نیم ایسه بیر خرابات مست        جام و قدح نی قویوب اولدم زدست
قالبیدین روح باریب ایردی پاک        تاپیب اولوکلار کیبی روی خاک
~~مجلس بیلا مطرب جنج ساز~~        ~~هر بیری بیر بیر ویول کوبای ماز~~

دیدی که مین بارجا کیز اشاه مین        جمله مقامات نینک اکاه مین
ناله لاریم عودیکین سوزناک        قابی قیلور مین کیبی آهنک پاک
ساز ایچیدا بارچه دین آییم اولوق        وصف ایچیدا بارچه صفاتیم اولوق
بولدی خلایق ارا مشهور ایتیم        لایق ایرور شاه غه خاصیتیم
طنبورەبی خرد نا صواب        قایسی سوز بیرلا سنکا دیر جواب

طنبورە تعریض بیلە جواب ایتغانی

طنبوره اول سوزنی ایشیتیب روان        دیدی بلا خواجه اشکم کلان
قو یقین اوشال دعوی بی راه نی        مات قیلای سین کیبی یوز شاه نی
کوید بو سوز کا جو بیلور سین سلیک        بار یوراکینک قار نیک ه تو بعین الملک
بارچه تقامات لارنیکدین قالیب        حامله خاتون کیبی قارنینک سالیب
~~ایکری بولوب بوینینک دیاشینک سنک~~        ~~قالادی بیهوده ملا نینک سنک~~

uyghurkitap.com نۇر بىتكىچى

جنک اوزین تعریف قیلیب طنبوره نی تعریض قیلغانی

چنک ارادین یوتبین اوزانیب روان　　توزدی اوشال لحظه تومانینک فغان

دیدی بیلینک بارچه نینک استادی مین　　عیش و طرب نینک تغی بنیادی مین

شعبه و ترکیب و عمل صوت و نقش　　قیلادیم اول جمله نی پر لطف وقت

غمزه لاریم بارچه دین افزون ایرور　　لیلی مینینک غمزه مه مجنون ایرور

خلق نینک اکثیندا مقامیم مدام　　مین کیبی یوق طوطی شیرین کلام

دایم ایرور شاه بیلان صحبتیم　　اهل طبیعت بیلا دور الفتیم

طنبوره دیک سخنی قیلای پایمال　　ایلایی او علملارانی دستمال

طنبوره تعریض بیله جواب ایغانی

طنبوره دیدی بیله تینک ای فضول　　یا شخص ایلیق اکیری سین یولی اصول

منی سیغی تو تایان بیلادور شاهی بیله　　او تیلیلاین میرزاسینی ریاق بیله

طنبوره دیک جمری بازارینی　　سینیدوراین نرخ خریداری نی

طنبوره تعریض بیلا جواب ایغانی

طنبوره دیدی قوبوزی بی حیا　　اجاغین اغزینی پرای خدا

کیم سینکا تیکمادی بکاسین یاومن　　یوزونکا چاروق کیبی تاپ نیازن

مادر بچگان سوسین ای بی ادب　　نیچه سکیت لارنی قیلورسین طلب

تخته تابوت کیبی قامتینک　　سورابشا کینک ایلکاری قالسون انجینک

یخشی بیلورسین شرفینکنی سینینک　　کیردی صغر شاه دفینکنی سینک

یاتوغان اوزین تعریف قیلیب طنبوره نی تعریض قیلغانی

کلدی تکلم دا آتایب یاتوغان　　دیدی مینینک دیک قانی پرطرفه جان

پایه قدریم باریدین دور فزون　　مینکا کیبی یوق دینی دا صاحب فنون

نرنغمی شعبده انگیز مین　　مجلس سلطانده شکرریز مین

هرنچه پریاغنی میانک ریت و تاک　　ناله لارنینک بس که کیلور دردناک

بیلی یا عنکبی کوتاریب اتی نی　　ایکانیکا سالیب خوش اورارلارسینی

سونجه لارارام سینکا کوشتاب　　بردی توزالمادینک ایا بیج

عقلینک ایرور قسفه و بوی نینک اوزون　　لاف اوروب یوق و ماکین کوندوزون

قوبوز اوزینی تعریف قیلیب طنبوره نی تعریض قیلغانی

اورتاداکلدی قبوزی ...لو　　دیدی مینینک تینک قانی پرکار

عشق کلستانیده مین عندلیب　　ناله زاریغمه محب تو حبیب

مین کیبی یوق مرغ سخن ساز عشق　　جمله مقام ایچرا دیکان راز عشق

مملکت حسن دا شهزاده لار　　شعله دمردین آزاده لار

بارچه مصاحب سینکا شام سحر　　یوق طرفا الینه میندین کذر

جمله نکیت بخششی و دردمما کریم　　خواجه صفرشا کمین نوکریم

دردوالم بحریدا مین غرق عشق　　شعله وجوددم دین اورور بیرق عشق

خلق جهان پیسکن اوجون خاک ایرور　　یاتیم ایسه بیر اوزانی پاک ایرور

طنبوره نینک باطله پرورده سین　　یرتابین اول باشتین اایاقی ده سین

سهل بها پرلا پستار لارانی　　یخشی لین بارچه اورارلارانی

طنبوره تعریض بیلا جواب ایغانی

طنبوره نینک فعلی اشیب اول زمان　　دیدی نه دیرسین یاتیب ای یاتوغان

دعوی دانش نه قیلورسین یاتیب　　لاف اوروب ایلکا اوزونکنی ساتیب

معرکه دا یاتیب اورغان سینی　　خوش لارا اورارا اول که چداغان سینی

منفعل ایتین یاتیب ای ناتمام　　ناله و فریاد قیلورسین مدام

یوق یوزونکا دره اوتیاتینک سینینک　　غیرتی یوق یاتوغان اتینک سینینک

تکلینک ایور نحس و حرامیق جلب　　یا قلاتلینک جوراغیل ای یابان

رباب اوزینی تعریف قیلیب طنبوره‌نی تعریض قیلغانی

خوقه سیدین باشیم چیقاریب رباب — دیدی منم فخر اهل عالیجناب

گرچه شریعت نه جوپکانه مین — اهل طریقت بیله همخانه مین

بلکه حقیقت ایور مین خبر — اهل دلی تا بسام و صاحب نظر

خوش ایچارم فقرا ایلیدین جام زر — یوق منکا پروای سلاطین دسر

بارچه دین آزاده مین و منفرد — جمله فنون بابیدا مین مستعد

بولمادی هرگز فقرا همدمی — طنبوره‌نینک ناکس و نا آدمی.

باشتین ایاق قامتی طبس ایرور — بلکه اوزی مادر ابلیس ایرور

طنبوره تعریض بیلا جواب اغانی

طنبوره دیدی بله قیلا شعف — مرتدکی دربدر بد علف

اهل طریقت سوسین ای بیخرد — باشتین ایاغینک تمام نقص و حسد

طنبوره تعریض بیلا جواب انغانی

طنبوره دیدی سلاتیک ای خسیس — کورمادی دوران کوزی سیندیک خسیس

اول کیشی کیم سینی جالار بلکوچه — قالدی بلا دستیدا اول اولکوچه

جمع بولورلار سنکا دیو و پری — جمله پری لشکر نیک کافری

کا قلیچ برلا سولورلار آنی — کا پیچاق برله اورورلار آنی

قان ایچار اول مردک لوشال عقده دین — هیچ کیشی کا دماس اول غصه دین

سین کبی رسوانی فقرا اوکران — قالدی بو اوت ایچره مدام اوتقا

کنکره اوزینی تعریف طنبوره‌نی تعریض قیلغانی

بو ساغه دین کنگره قوبتی روان — دیدی منم فتنه آخر زمان

سازا ایجیدا فتنه عیاره مین — جمله دلآزاده و یکتاره مین

هرنچه کیم ناقص و خود رایه مین — طنبوره‌تیک لار بیله هم پایه مین

لیک حقیقت دا سینینکدیک تونه — قایده نیار تیکنوراباخود پسند

سینی ابو بکر ربابی اورور — تویدی ملنگ لار دا ملکیا نابیدور

نکی بولوب جمع ملنگلار سینی — نوبت ایلیان خوشلار اولار سینی

تمبک اوزینی تعریف قیلیب طنبوره‌نی تعریض قیلغانی

دیدی تمبک حرک عیار مین — سازا ایجیدا رند کمان دار مین

غمزه اوقی ناوک جاندوز ایرور — ناله لاریم بارچه جگر سوز ایرور

قایده که مین تور میام اول اسنک زری — خلق جهان دین قوبار اول دم نفیر

جمع بولور شاه پری لشکری — هر نفسی چین دا آی دین پری

شاه پری دیک کیشی دور همدمیم — یوق سرو جمله جهاندین غمیم

باشتین [illegible] بری تذپر ایرور — جمله پری لار منکا تسخیر ایرور

طنبوره دیک ناکس رسوانی کور — باشیده اول بیهوده سوداین کور

طنبوره کوب سوزنا ماسون زکزاف — حدی دین ارتق انکا نیکمان سولاف

طنبوره تعریض بیلا جواب انعانی

طنبوره دیدی بله ای کنکره — آنچه اسا ای مین سینی کیم انکیره

باشینک ایاغینک سینک اکی کدو — سین کبی رسوا منکا بولغای عدو

سین فلکنی قیبلا مین ناپدید — جمله شجنکنی قیلیب مین مرید

بارچه سینی طعنه بیلان اولدورب — سیکا نینشیتم باری کوبدورب

کتاب خاتمه‌سی

عاقبت الغضه اوشال جمع یار — دیدی لمن دین قیلالی احتراز

بارچه سی غیرت اوتی برلا کویوب — بحث و مقامات دین جاندین تویوب

اوشبو محال اوزره فغان توزدیلار — موسیقی نینک مجلسینی بوزدیلار

چیقدی بیک ناکه ارادین فغان — پر خرابات اوپایدی روان





ئوقۇلغۇسى: سىپاسى بىقىياس ھەزرەتى زۇلجەلالغا جەللە جەلالەھۇكى، خالىقى كۇللى ئەشيا ۋە رازىقى جەمىئى ئەھيا ئىرۇر ۋە ھىچ شەي ئەشيادىن ئانىڭ زىكرىدىن خالىي ئەرمەس. قەۋلە تەئالا: «يۇسەببىھۇ لىللاھى ما فىسسەمەۋاتى ۋەما فىلئەرزى» ۋە دۇرۇد سەرۋەرى مەخلۇقات ۋە ئەشرەفى مەۋجۇدات مۇھەممەد مۇستەفاغا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمكى، بىچارەلەرنىڭ پەناھى ۋە ئاسىي ئۇممەتلەرنىڭ شەفائەت خاھى ئىرۇر ۋە ئەلا ئالىھى ۋە ئەسھابىھى.

ئەمما بەئد بۇ بىرنەچچە ئەۋراق① ئەھباب ئىلتىماسىندىن رۇدجامەنىڭ ئاراسىندا مۇنازەرە ۋە مۇباھەسە تەسنىف قىلىندى ۋە ھەر ساز② ئۆزگە ئەۋساف بىرلە ئەلا قەدەرى ھال تەئرىف قىلىندى. تا ئەھلى تەبىئەتلەر ئاندىن ئەندەك تەلەززۇزى كەسب قىلسۇن دەپ، ۋە لېكىن بۇ فەننىڭ ساھىب رازى ۋە بۇ قىسسەنىڭ سۇخەن پەردازى ۋە بۇ مۇنازەرەنىڭ مۇرشىدى دائىلمۇسلىمىن ئەھمەدىي ئەھسەنەللاھۇ خاتىمەھۇ.

يەشمىسى: چەكسىز مەدھىيەلەر ھەممىدىن بۈيۈك ۋە ھەممىدىن ئۈستۈن بولغان ئاللاتائالاغا بولسۇنكى، ئۇ بارچە مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە بارچە جانلىقلارنىڭ رىزىق بەرگۈچىسىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ زىكرىدىن خالىي ئەمەستۇر. ئاللاتائالا ئېيتىدۇكى، ئاسمان ـ زېمىندىكى بارچە نەرسىلەر ئاللانى مەدھىيەلەيدۇ. بارچە جانلىقلارنىڭ يولباشچىسى ۋە مەۋجۇداتلارنىڭ شەرىپى مۇھەممەد مۇستافا — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالاملار ئەۋەتكەي — غا بولسۇنكى، ئۇ بىچارىلەرنىڭ پاناھى ۋە ئاسىي ئۇممەتلەرنىڭ شاپائەتچىسىدۇر. دۇئا ۋە سالاملار ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە دوست ـ يارانلىرىغا بولسۇن.

مەقسەتكە كەلسەك، سازلار مۇنازىرىسىگە بېغىشلانغان بۇ بىرنەچچە ۋاراق، دوستلىرىم ۋە يېقىنلىرىمنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن يېزىلدى. شائىرلار، ئۇنىڭغا قىزىققۇچىلار بۇنىڭدىن ئازراق بولسىمۇ لەززەت ئالسۇن دەپ، ھەر سازنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن تەرىپلىرى بايان قىلىندى. بۇ سىرلارنىڭ ئىگىسى ۋە بۇ قىسسىنىڭ بايانچىسى ۋە بۇ مۇنازىرىنىڭ پىرى مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاچىسى ئەھمەدىي — ئاللا ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ياخشى قىلغاي.

① بۇ سۆز قول يازمىدا «اوراقى» يېزىلغان، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى؛ ② بۇ سۆز قول يازمىدا «سازنى» يېزىلغان، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

## سۆز ئىبتىداسى

بىر كېچە غەم بىرلە خىرامان[1] ئىدىم،
مەھنەتى دەۋران بىلە شادان[2] ئىدىم.
كۈلبەئى ئەھزان[3] ئىچىدە خارۇ زار،
ئۆلتۈرۈبان دىدەئى جان[4] ئىنتىزار.
مۇنىسىم[5] ئول يار خىيالىيۇ بەس،
ئول ئىدى فەريادىما فەريادرەس[6].
نۇقل[7] غەمۇ بادە[8] يۈرەك قانىدىن،
ئۆد خىجىل نالەشىم[9] ئەفغانىدىن.
ھەردەم ئاقىپ كۆز ياشىدىن سەيلى خۇن[10]،
جاندا ئەلەم باشتا ھەۋايى جۇنۇن[11].
چىقدى فىغان ئول دىلى غەمناك[12]تىن،
ئۆتتى بۇ نۇھ[13] پەردەئى ئەفلاك[14]تىن.
ئەقل ھۇۋەيدا[15] بولۇپ ئەيلەدى باك[16]،
پىراھەنى[17] سەبر يەقاسىنى چاك.
ئىنتىكىبان[18] تاشقارى چىقتىم رەۋان،
تۈن يارىمى ئۆتۈپ ئىدى ئول زەمان.
خەلقى جەھان بارچەسى ئارام ئىدى،
تىيرەۋۇ تارىك[19] ئەجەب شام[20] ئىدى.
يۇلدۇزۇ ئاي كۆكتە پەدىدار[21] يوق،
تۈندىن ئۆزە پەرتەۋى ئەنۋار[22] يوق.
كۆردى خىرەد[23] قالدى بۇ ھالەتتە لال،
باردى زەمىر[24]ىندىن ئۇشال قىلۇ قال[25].
كەلدىم ئۇشال ھالدا جاندىن بەتەنگ[26]،
چىقدى خەرابات[27]تا غەۋغايى جەنگ.
تىڭلادىم ئول ھالنى ھەيرەت[28] تۈنى،
يەتتى فەلەك بام[29]ىدا غەۋغا ئۈنى.
دېدىم: «ئى[30] يارەب، بۇ نە ئاۋاز ئېرۇر،
ھەر نەفەسى ئۆزگە سەزاۋار[31] ئېرۇر.»
بولدۇم ئۇشال لەھزە بەيەك ناگەھان[32]،
سۇيى خەرابات[33] ئاشۇقۇپ[34] رەۋان.
يەتتىم ئېسە پىرى خەرابات مەست،
جامۇ قەدەھنى قويۇپ ئولدەم زىندەست[35].
قالىب[36]ىدىن رۇھ بارىپ ئەردى پاك،
تايتىپ[37] ئۆلۈكلەر كەبى بەررۇيى خاك[38].
مەجلىسىدە ھازىر ئېدى جەمئى ساز،
ھەر بىرى بىر پەردەدە گۇيايى راز[39].
ھەر بىرى ئۆزىنى ستايىش[40] قىلىپ،
سەۋتۇ ئەمەل[41] نەقشۇ نەمايىش[42] قىلىپ.
بارچەسى بىر بىرىنى قىلىپ ئىمتىھان،
ئورتادا بەھس ئەردىيۇ جەنگۇ فىغان.

### مەبھەس[43] ئىبتىداسى ئەۋۋەل تەنبۇرە سۆزى

تەنبۇرەئى غەمزەگەرى[44] فىتنەجويى[45]،
مەجمەئى ئول سازغا كەلتۈردى روي.
دېدى: بۇ نى فىتنەۋۇ غەۋغا ئېرۇر،
باشىڭىزە بىھۇدە سەۋدا ئېرۇر.
ئەربەدەۋۇ جەنگ[46] نېدۇر ئەز[47] گەزاف،
پەردە بىلە سۆزلەلى تاكەي[48] بۇ لاف.

① خىرامان — نازلىنىپ مېڭىش، ناز بىلەن يۈرۈش؛ ② شادان — خۇشال قىلىدىغان، بەختىيار؛ ③ كۈلبەئى ئەھزان — غەمخانە، غەم ئۆيى، قايغۇ ئۆيى؛ ④دىدەئى جان — قەلب كۆزى، جان كۆزى؛ ⑤ مۇنىس — دوست، ھەمراھ، يېقىنى؛ ⑥ فەريادرەس — مەدەت بەرگۈچى، ياردەمچى؛ ⑦ نۇقل — ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىكلەر، زاكۇسكا؛ ⑧ بادە — مەي، شاراب؛ ⑨ نالىش — ئىڭراش؛ ⑩ سەيلى خۇن — قان تاشقىنى؛ ⑪ ھەۋايى جۇنۇن — تەلۋىلىك، ساراڭچە ھەۋەس؛ ⑫ دىلى غەمناك — غەمكىن كۆڭۈل؛ ⑬ نۇھ — توققۇز؛ ⑭ ئەفلاك — پەلەكلەر؛ ⑮ ھۇۋەيدا — ئاشكارا، ئوچۇق؛ ⑯ باك — قورقۇنچ، خەۋپ؛ ⑰پىراھەن — كۆڭلەك؛ ⑱ ئىنتىكىمەك — ئەندىكمەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىيالېكتىدا ئەينى قوللىنىلىدۇ؛ ⑲ تىيرەۋۇ تارىك — قاراڭغۇ؛ ⑳ شام — كەچ، كەچقۇرۇن؛ ㉑ پەدىدار — كۆرۈنۈش، پەيدا بولۇش؛ ㉒ پەرتەۋى ئەنۋار — نۇرنىڭ يورۇقى؛ ㉓ خىرەد — ئەقىل؛ ㉔ زەمىر — كۆڭۈل، مەنىلىك، ۋىجدان؛ ㉕ قىلۇ قال — گەپ ـ سۆز؛ ㉖ بەتەنگ — بىئارامىلىق بىلەن، ھارغىنلىق بىلەن؛ ㉗ خەرابات — خارابە؛ مەيخانا؛ ㉘ ھەيرەت — ھەيرانلىق؛ ㉙ بام — گۈنبەز، قۇببە، ئاسمان؛ ㉚ بۇ سۆز قول يازمىدا «اى» دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئەسلىي «ئەي» ئوقۇلۇشى كېرەك ئىدى. بۇ يەردە ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن بىر قىسقا «ئى» ئېلىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق؛ ㉛ قول يازمىدا يۇقىرىقىدەك يېزىلغان. بىزنىڭچە بۇ يەردە كاتىپ يېڭىلگەن، چۈنكى قاپىيە بولۇۋاتقان سۆزلەرنىڭ رەۋىي ھەرپلىرى ماس كەلمىگەن. دوكتور كەمال ئارسلان بۇنى ئەسلىي «سەرەفراز» بولۇپ، كاتىپ خاتا كۆچۈرۈۋالغان بولۇشى مۇمكىن دەيدۇ؛ ㉜ بەيەك ناگەھان — تۇيۇقسىزلا، توساتتىنلا؛ ㉝ بۇ سۆز قول يازمىدا «خەراباب» دەپ يېزىلغان. سۇيى خەرابات — مەيخانا تەرەپكە؛ ㉞ ئاشۇقۇپ — تېزلىك بىلەن، يۈگۈرۈپ؛ ㉟ زىندەست — قولدىن؛ ㊱ قالىب — بەدەن، قېلىپ؛ ㊲ تايتىپ — يېيىلىپ، كېرىلىپ؛ ㊳ بەررۇيى خاك — يەردە، يەر يۈزىدە؛ ㊴ گۇيايى راز — سىرلارنى سۆزلىگۈچى، غايىبدىن خەۋەر بەرگۈچى؛ ㊵ ستايىش — ماختاش؛ ㊶ سەۋتۇ ئەمەل — سادا ۋە ئىش. قەدىمكى تۈرك ناخشا ـ مۇزىكىلىرىدا قوللىنىلىدىغان بىر خىل سۆز شەكلى؛ ㊷ قول يازمىدا بۇ يەردىكى «نەقش»، «نەمايىش» سۆزلىرىنىڭ ئارىلىقىغا ھېچقانداق ھەرپ ھەم بەلگە ئۇرۇلمىغان. مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى؛ ㊸ مەبھەس — مۇنازىرە؛ باب؛ ㊹ غەمزەگەر — ئالدامچى، ناز بىلەن كۆز ئىشارىسى قىلغۇچى؛ ㊺ فىتنەجويى — پىتنە توقۇغۇچى؛ ㊻ ئەربەدەۋۇ جەنگ — جەڭگى ـ جېدەل؛ ㊼ ئەز — دىن، تىن؛ ㊽ تاكەي — قاچانغىچە.

پەردەئى مەندەك تۈزۈك① ئاھەنگنى،
نالەئى زارىم ئېرىتۇر سەنگ②نى.
پەردەدە ئول مۇرغى سۇخەنساز③ مەن،
فىتنە ئىشكىن قىلايىن باز④ مەن.
بارچەغە ئايتاي زىتەرىقى⑤ سەۋاب،
جۇملە⑥ مەقاماتتا بىر ـ بىر جەۋاب.

### ئۇد ئۆزىن تەئرىف قىلىپ، تەنبۇرەنى تەئرىز⑦ قىلغانى

ئۇد ئىشىتىپ كۆيدى ئانىڭ سۆزىدىن،
ئۆرتەنىبان باشلادى سۆز ئۆزىدىن.
دېدىكى: مەن بارچەگىنزە شاھ مەن،
جۇملە مەقاماتتىن ئاگاھ مەن.
نالەلەرىم ئۇد بىكىن سۆزناك⑧،
قايسى قىلۇر مەن كەبى ئاھەنگى پاك.
ساز ئىچىدە بارچەدىن ئاتىم ئۇلۇغ،
ۋەسف⑨ ئىچىدە بارچە سىفاتىم ئۇلۇغ.
بولدى خەلايىق ئارا مەشھۇر ئاتىم،
لايىق ئېرۇر شاھغا خاسىيەتىم.
تەنبۇرەئى بىخىرەدى ناسەۋاب،
قايسى ھۇنەر بىرلە ماڭا دىر جەۋاب.

### تەنبۇرە تەئرىز بىلىن جەۋاب ئايتقانى

تەنبۇرە ئول سۆزنى ئېشىتىپ رەۋان،
دېدى: ھەلا خاجەئى ئىشكەم كەلان⑩؛
قويغىن ئۇشال دەئۋىيى بىراھنى⑪،
مات قىلاي سەن كەبى يۈز شاھنى.
كۆيمە بۇ سۆزگە چۇ بىلۇرسەن بىلىك،
باس يۈرەكىڭ قارنىڭا⑫ قويغىن ئىلىك.
بارچە مەقاماتلارىڭدىن قالىپ،
ھامىلە خاتۇن كەبى قارنىڭ سالىپ.
ئەگرى بولۇپ بويىڭۇ باشىڭ سىنىڭ،
قالمادى بىھۇدە تەلاشىڭ سىنىڭ.

### چەنگ ئۆزىن تەئرىف قىلىپ، تەنبۇرەنى تەئرىز قىلغانى

چەنگ ئارادىن بويىنىن ئۈزاتىپ رەۋان،
تۈزدى ئۇشال لەھزە تۈمەن مىڭ فىغان.
دېدى: بىلىڭ بارچەنىڭ ئۇستادى مەن،
ئەيشۇ تەرەب⑬نىڭ تاقى⑭ بۇنيادى⑮ مەن.
شۇئبە⑯دە تەركىبۇ ئەمەل نەقشۇ سەۋت،
قىلمادىم ئول جۇملەنى بىر لەھزە فەۋت⑰.
غەمزەلەرىم بارچەدىن ئەفزۇن⑱ ئېرۇر،
لەيلى مېنىڭ غەمزەمە مەجنۇن ئېرۇر.
خەلقنىڭ ئىگىن⑲ىندە مەقام⑳ىم مۇدام㉑،
مەن كەبى يوق تۈتىيى شىرىن كەلام.
دايىم ئېرۇر شاھ بىلەن سۇھبەتىم،
ئەھلى تەبىئەت بىلەدۇر ئۇلفەتىم.
تەنبۇرەدەك يۈزنى قىلاي پايمال㉒،
ئەيلەدى ئوغلانلار ئانى دەستمال㉓.

### تەنبۇرە تەئرىز بىلە جەۋاب ئايغانى

تەنبۇرە دېدى: ھەلە㉔ تەك㉕ ئەي فۇزۇل㉖،
باشتىن ـ ئاياق ئەگرى سەنۇ بىئۇسۇل㉗.
مەن سېنى قويمان㉘ بۇ ئۇرۇشماق بىلە،
ئويناتايىن مەن سېنى بارماق بىلە.
ھەر نەچە بارماغنى يېسەڭ رۇستۇ㉙ پاك،
نالەلەرىڭ بەسكى كېلۇر دەردناك㉚.
ئەل ئاياغىڭنى كۆتەرىپ، ئەي دەنى㉛،
ئېگىنىڭگە سالىپ خوش ئۇرارلار سېنى.

---

① بۇ سۆز قول يازمىدا «تۈزۈك» دەپ يېزىلغان؛ ② سەنگ ـ تاش؛ ③ مۇرغى سۇخەنساز ــ چىرايلىق سايرايدىغان قۇش؛ ④ باز ــ ئاچماق؛ ⑤ زىتەرىقى سەۋاب ــ توغرا يولدىن؛ ⑥ جۇملە ــ پۈتۈن، ھەممە؛ ⑦ تەئرىز ــ قارشى چىقىش، مەسخىرە قىلىش؛ ⑧ سۆزناك ــ ئوتلۇق، ھارارەتلىك ⑨ ۋەسف ــ ماختاش، تەرىپلەش؛ خۇسۇسىيەت؛ ⑩ مەنىسى: ئەي قارنى يوغان غوجا؛ ⑪ بى راھ ــ يولسىز؛ ⑫ قول يازمىدا «قارنىڭغا» دەپ يېزىلغان، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى؛ ⑬ تەرەب ــ شادلىق، خۇرسەنلىك؛ ⑭ تاقى ــ پەنە؛ ⑮ بۇنياد ــ ئاساس، نېگىز؛ ⑯ شۇئبەدە ــ نەيرەڭ، قىزىل كۆزلۈك؛ ⑰ فەۋت ــ قولدىن بېرىش، يوقىتىش؛ ⑱ ئەفزۇن ــ كۆپ، ئارتۇق؛ ⑲ ئىگىن ــ مۈرە؛ كىيىم؛ بۇ سۆزنى ئېرگەش رۇستەموف «ئىغىز» دەپ ئىزاھلىغان؛ ⑳ مەقام ــ ئورۇن، دەرىجە، مۇقام؛ ㉑ مۇدام ــ دائىم؛ ㉒ پايمال ــ ئاياغ ئاستى قىلىنغان، ئېزىلگەن؛ ㉓ دەستمال ــ قول ياغلىق؛ ㉔ ھەلە ــ زادى، پەقەت؛ ㉕ تەك ــ جىم تۇرماق؛ مۇلايىم، ياۋاش؛ ㉖ فۇزۇل ــ ھەممە ئىشقا ئارىلاشقۇچى، ئۆز بېشىمچى؛ ㉗ بى ئۇسۇل ــ تەرتىپسىز، قائىدىسىز؛ ㉘ قويمان ــ قويمايمەن؛ ㉙ رۇست ــ قاتتىق، مەھكەم؛ ㉚ دەردناك ــ دەرتلىك؛ ㉛ دەنى ــ پەسكەش، رەزىل.

مۇنچە دىلارام ساڭا گۇشتاب①،
بەردى تۇزەلمەدىڭ، ئەيا ھېچ باب②.
ئەقلىڭ ئېرۇر قىسقاۋۇ بويىڭ ئۇزۇن،
لاف ئۇرۇپ يۈرۈمەگىن كۆندۈزۈن.

## قوبۇز ئۆزىنى تەئرىف قىلىپ، تەنبۇرەنى تەئرىز قىلغانى

ئورتادا كەلدى قوبۇزى بىقەرار،
دېدى: مېنىڭتەك قانى بىر پىرى كار.
ئىشق گۈلىستانىدا مەن ئەندەلىب③،
نالەئى زارىمغا مۇھىبتۇر④ ھەبىب⑤.
مەن كەبى يوق مۇرغى سۇخەنسازى ئىشق،
جۇملە مەقام ئىچرە دېگەن رازى ئىشق⑥.
مەملەكەتى ھۇسنىدا شەھزادەلەر،
مەشغەلەئى دەھر دىن⑦ ئازادەلەر.
بارچە مۇساھىب⑧ ماڭا شامۇ سەھەر⑨،
يوق زۇرەفا⑩ ئەھلىنە مەندىن گۆزەر⑪.
جۇملە يىگىت ياخشىسىدۇر چاكەرىم،
خاجە سەفەرشاھ كەمىن⑫ نەۋكەرىم.
تەنبۇرەدەك جىمرىيى⑬ بازارىنى،
سىندۇرايىن نەرخى خەرىدارىنى.

## تەنبۇرە تەئرىز بىلە جەۋاب ئايغانى

تەنبۇرە دېدى: قوبۇزى، بىھەيا،
ئاچماغىن ئاغزىمنى، بەرايى خۇدا.
كىم ساڭا تەگمەس دېگەسەن ماۋۇمەن⑭،
يۈزۈڭە چارۇق كەبى تارتىپ سازەن⑮.
مادەرى بەچگانمۇ⑯ سەن، ئەي بىئەدەب،
نەچچە يىگىتلەرنى قىلۇرسەن تەلەب.

تەختەئى تابۇت كەبى قامەتىڭ،
سۇر ئېشەكىڭ ئىلگەرى قالسۇن ئاتىڭ.
ياخشى بىلۇرمەن شەرەفىڭنى سېنىڭ،
كەردى سەفەرشاھ دەفىڭنى⑰ سېنىڭ.

## ياتۇغان ئۆزىن تەئرىف قىلىپ، تەنبۇرەنى تەئرىز قىلغانى

كەلدى تەكەللۇمدا تاتىپ⑱ ياتۇغان،
دېدى: مېنىڭدەك قانى بىر تۇرفە⑲ جان.
پايەئى قەدرىم⑳ بارىدىندۇر فۇزۇن㉑،
مەن كەبى يوق دۇنيىدا ساھىب فۇنۇن㉒.
ھەر نەفەسى شۇئبەدە ئەنگىز㉓ مەن،
مەجلىسى سۇلتاندا شەكەرىرىز㉔ مەن.
دەردۇ ئەلەم بەھرىدە مەن غەرقى ئىشق،
شۇئلە ۋۇجۇدۇمدىن ئۇرۇر بەرقى ئىشق.
خەلقى جەھان مەسكەن㉕ ئۇچۇن خاك㉖ ئېرۇر،
ياتتىم ئېسە يەر ئۇزە نە باك ئېرۇر.
تەنبۇرەنىڭ باتىلە㉗ پەرۋەردەسىن㉘،
يىرتايىن ئول باشتىن - ئاياق پەردەسىن.
سەھل㉙ بەھا بىرلە ساتارلار ئانى،
ياخشى - يامان بارچە ئۇرارلار ئانى.

## تەنبۇرە تەئرىز بىلە جەۋاب ئايغانى

تەنبۇرەنىڭ فىئلى ئاشىپ ئول زەمان،
دېدى: نە دەرسەن ياتىپ، ئەي ياتۇغان؛
دەئۆيىي دانىشمۇ㉚ قىلۇرسەن ياتىپ،
لاف ئۇرۇپ ئەلگە ئۆزۈڭنى ساتىپ.
مەئرەكەدە ياتقۇرۇپ ئۇرغان سېنى،
خۇشلار ئۇرار ئۇلكى چىداغان سېنى.

---

① گۇشتاب — ئېيىبلەش؛ ② باب — ئىش، شەكىل، مەزمۇن؛ ③ ئەندەلىب — بۇلبۇل؛ ④ مۇھىب — دوست، يار؛ ⑤ ھەبىب — يار، دوست؛ ⑥ رازى ئىشق — ئىشق سىرى؛ ⑦ مەشغەلەئى دەھر — جاھاننىڭ ئىشلىرى؛ ⑧ مۇساھىب — دوست، ھەمسۆھبەت؛ ⑨ قول يازمىدا بۇ يەردىكى «شام»، «سەھەر» سۆزلىرىنىڭ ئارىلىقىغا ھېچقانداق ھەرپ ھەم بەلگە ئۇرۇلمىغان، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى؛ ⑩ زۇرەفا — نازاكەتلىك، دىتلىك، ئەدەپلىك؛ ⑪ گۆزەر — ئۆتۈش، كېچىش؛ ⑫ كەمىن — كىچىك، ئەرزىمەس؛ ⑬ جىمرىيى — تەلۋە، سارالڭ؛ ⑭ ماۋۇمەن — مەنلىك؛ ⑮ سازەن — تېرە، خورۇم؛ ⑯ مادەرى بەچگان — باللارنىڭ ئاپىسى. بۇ سۆز ئەسلى «مادەرى بەچچەگان» ئوقۇلۇشى كېرەك ئىدى، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى؛ ⑰ دەف — داپ؛ ⑱ تاتىپ — زوق - شوخ بىلەن، جانلىنىپ؛ ⑲ تۇرفە — ئاجايىپ، كەم ئۇچرايدىغان؛ ⑳ پايەئى قەدر — ئىناۋەتنىڭ دەرىجىسى؛ ㉑ فۇزۇن — كۆپ، ئارتۇق؛ ㉒ فۇنۇن — ھۈنەرلەر، بىلىملەر؛ ㉓ ئەنگىز — قوزغىغۇچى، قوپارغۇچى؛ ㉔ شەكەرىرىز — شېكەر تۆككۈچى، شېكەر چاچقۇچى؛ ㉕ مەسكەن — ئۆي، تۇرار جاي؛ ㉖ خاك — توپا، تۇپراق؛ ㉗ باتىل — بۇزۇق، بۇزۇلغان؛ ئاساسسىز؛ ㉘ پەرۋەردە — تەربىيە قىلىنغان؛ ㉙ سەھل — ئەرزان؛ ㉚ دانىش — بىلىم؛ ㉛ مۇتتەسىل — داۋاملىق، توختاۋسىز؛ ㉜ ئالتىن — تېگىدە، ئاستىدا.

مۇتتەسىل㉛ ئالتىن㉜ ياتىپ، ئەي ناتەمام،
نالەۋۇ فەرياد قىلۇرسەن مۇدام.
يوق يۇزۇڭە① زەررە ئۇياتىڭ سېنىڭ،
غەيرەتى يوق ياتۇغان ئاتىڭ سېنىڭ.
شەكلىڭ ئېرۇر نەھسۇ چىرايلىق جەلەب،
ساقلا تىلىڭ چۇراغىل②، ئەي بىئەدەب.

رەباب ئۆزىنى تەئرىف قىلىپ، تەنبۇرەنى
تەئرىز قىلغانى

خىرقەسىدىن③ باش④ چىقارىپ رەباب،
دېدى: مەنەم⑤ فەقر ئىلە ئالىي جەناب.
گەرچە شەرىئەتتە چۇ بىگانەمەن،
ئەھلى تەرىقەت بىلە ھەمخانەمەن.
بەلكى ھەقىقەتتىن⑥ ئايۇرمەن خەبەر،
ئەھلى دىلىي تاپسامۇ ساھىب نەزەر.
خۇش ئىچەرەم فەقر ئېلىدىن جامى زەھر،
يوق ماڭا پەرۋايى سەلاتىنى دەھر⑦.
بارچەدىن ئازادەمەنۇ مۇنفەرىد⑧،
جۇملە فۇنۇن بابىدا مەن مۇستەئىد⑨.
بولمادى ھەرگىز فۇقەرا ھەمدەمى،
تەنبۇرەتەك ناكەسۇ نائادەمى.
باشتىن ـ ئاياق قامەتى تەلبىس⑩ ئېرۇر،
بەلكى ئۆزى مادەرى ئىبلىس ئېرۇر.

تەنبۇرە تەئرىز بىلە جەۋاب ئايغانى

تەنبۇرە دېدى: ھەلە قىلما شەغەف⑪،
مۇرتەدى كەي⑫ دەربەدەرى بەد ئەلەف⑬.
ئەھلى تەرىقەتمۇ سەن، ئەي بىخىرەد،
باشتىن ـ ئاياغىڭ تولا بۇغزۇ⑭ ھەسەد.
لىبىڭ ھەقىقەتدە سېنىڭدەك لەۋەند⑮،
قايدا يېتەر تەكتۇر، ئايا خۇد پىسەند⑯.
سېنى ئەبۇبەكىر رەبابىي ئۇرۇپ،
قويدى مەلەنگلەر⑰ ئېلىگە تاپشۇرۇپ.
بەنگى بولۇپ جەمئى مەلەنگلەر سېنى،
نەۋبەت ئىلەن خۇشلار ئۇرارلار سېنى.

غېجەك ئۆزىنى تەئرىف قىلىپ، تەنبۇرەنى
تەئرىز قىلغانى

دېدى غېجەك: خۇردەكى ئەييار⑱ مەن،
ساز ئىچىدە رىندى⑲ كەماندار⑳ مەن.
غەمزەم ئوقى ناۋەكى㉑ جاندۇز㉒ ئېرۇر،
نالەرىم بارچە جىگەرسۇز㉓ ئېرۇر.
قايداكى مەن تۇزسەم ئول ئاھەنگى زىر㉔،
خەلقى جەھاندىن قوپار ئولدەم نەفىر㉕.
جەمئ بولۇر شاھى پەرى لەشكەرى،
ھەر بىرىسى ھۇسندا ئايدىن بەرى㉖.
شاھى پەرىدەك كىشىدۇر ھەمدەمىم،
يوق سەرى مۇ㉗ جۇملە جەھاندىن غەمىم.
باشتىن ـ ئاياغىم بارى تەدبىر ئېرۇر،
جۇملە پەرىلەر ماڭا تەسخىر㉘ ئېرۇر.
تەنبۇرەدەك ناكەسى رەسۋانى كۆر،
باشىدا ئول بىھۇدە سەۋدانى كۆر.

تەنبۇرە تەئرىز بىلە جەۋاب ئايغانى

تەنبۇرە دېدى: ھەلە تەك، ئەي خەسىس،
كۆرمەدى دەۋران كۆزى سەندەك خەبىس㉙.
ئول كىشىكىم سېنى چالار بىلگۇچە،
قالدى بەلا دەستىدە ئول ئۆلگۇچە.

---

① قول يازمىدا «يۇزۇڭگە» دەپ يېزىلغان، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى؛ ② چۇراغىل — ۋات ـ ۋات، گەپدان، تۇت ③ خىرقە — ئەسكى چاپان؛④ بۇ يەردىكى «باش» سۆزى ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن بىر يېرىم بوغۇمغا تەڭ ئوقۇلغان؛ ⑤ مەنەم — مەندۇرمەن؛ ⑥ قول يازمىدا «ھەقىقەت» دەپلا يېزىلغان، مەزمۇن ۋە ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى؛ ⑦ سەلاتىنى دەھر — جاھاننىڭ سۇلتانلىرى؛ ⑧ مۇنفەرىد — يېگانە، يالغۇز، تەنھا؛ ⑨ مۇستەئىد — قابىلىيەتلىك، ئىستېداتلىق؛ ⑩ تەلبىس — ھىيلە، نەيرەڭ؛ ⑪ شەغەف — غوۋغا، جېدەل، توپىلاڭ؛ ⑫ مۇرتەدى كەي — دىندىن ئازغان، دىندىن چىققان؛ ⑬دەربەدەرى بەد ئەلەف — تېگى پەس دىۋانە؛ ⑭ بۇغز — نەپرەت، ئۆچمەنلىك؛ ⑮ لەۋەند — ھاياسىز، بىكارچى؛ ⑯ خۇد پىسەند — ئۆز مەنپەئەتىنىلا ئويلايدىغان، تەكەببۇر؛ ⑰ مەلەنگ — دەرۋىش؛ ⑱ خۇردەكى ئەييار — ئەقىللىك ھىيلىگەر؛ ⑲ رىند — مەيپەرەست، تەركىدۇنيا، دەرۋىش؛ ⑳ كەماندار — مەرگەن، ئوقياچى؛ ㉑ ناۋەك — ئوق، كىرپىك؛ ㉒ جاندۇز — بىئارام قىلىدىغان؛ ㉓ جىگەرسۇز — باغرىنى ئەزگۈچى؛ ㉔ زىر — ئاستى، تېگى؛ ㉕ نەفىر — ئاھۇ-پىغان، پەرياد؛ ㉖ بەرى — پاك، ئەيىبدىن خالىي، پارلاق؛ ㉗ سەرى مۇ — قىلچىلىك؛ ㉘ تەسخىر — بويسۇندۇرۇش، ئەمرى ئاستىغا ئېلىش؛ ㉙ خەبىس — ئىپلاس.

جەمئ بولۇرلار ساڭا دىۋۇ پەرى،
جۇملە پەرى لەشكەرىنىڭ جاھىلى.
گاھ قىلىچ بىرلە سۇلۇرلار[1] ئانى،
گاھ بىچاق بىرلە ئۇرۇرلار ئانى.
قان ئىچەر ئول مەردەك[2] ئوشال غۇسسەدىن[3]،
ھېچ كىشىگە دېمەس ئول قىسسەدىن.
سەن كەبى رەسۋانى فۇقۇر[4] ئۆگرەنىپ،
قالدى بۇ ئوت ئىچرە مۇدام ئۆرتەنىپ.

### كۇنگۇرە ئۆزىنى تەئرىپ، تەنبۇرەنى تەئرىز قىلغانى

بوساغادىن كۇنگۇرە قوپتى رەۋان،
دېدى: مەنەم فىتنەئى ئاخىر زەمان.
ساز ئىچىدە فىتنەئى ئەييارە مەن،
جۇملەدىن ئازادەۋۇ يەكتارە[5] مەن.
ھەر نېچەكىم ناقىسۇ[6] خۇدرايە[7] مەن،
تەنبۇرەتەكلەر بىلە ھەمپايە مەن.
تەنبۇرە كۆپ سۆزلەمەسۇن، ئەز گەزاف،
ھەددىدىن ئارتۇق ئاڭا تەگمەس بۇ لاف.

### تەنبۇرە تەئرىز بىلەن جەۋاب ئايغانى

تەنبۇرە دېدى: ھەلە، ئەي كۇنگۇرە،
ئانچە ئاساي مەن سېنىنگكىم ئىگرە.
باشىڭ، ئاياغىڭ سېنىڭ ئىككى كەدۇ[8]،
سەن كەبى رەسۋا ماڭا بولغاي ئەدۇ[9].
سەن فەلەكىينى قىلايىن ناپەدىد[10]،
جۇملەئى شەيخىڭنى قىلىپ مەن مۇرىد.
بارچەسىنى تەئنە بىلەن ئۆلدۇرۇپ،
ساڭا يېتىشتىم بارىنى كۆيدۇرۇپ.

### كىتاب خاتىمەسى

ئاقىبەتۇل قىسسە ئوشال جەمئى ساز،
دېدى: «ياماندىن قىلالى ئىھتىراز[11].»
بارچەسى غەيرەت ئوتى بىرلە كۆيۈپ،
بەھسۇ مەقاماتتا جاندىن تويۇپ.
ئۇشبۇ مەھال[12] ئۇزرە فىغان تۈزدىلەر،
مۇسىقىنىڭ مەجلىسىنى بۇزدىلەر[13].
چىقدى بەيەك ناگەھ ئارادىن فىغان،
پىرى خەرابات ئويياندى[14] رەۋان.
دېدىكى: ھەي – ھەي، بۇ نېدۇر ماۋۇمەن،
كەلدى مەگەر مۇھتەسىبى خۇم شىكەن[15].
ئانىڭ ئۈچۈنمۇ قىلادۇرسىز فىغان،
باردى مېنىڭ زەھرەمۇ[16] كۆچتى جەھان.
بارچە قۇلاغىن تۇتۇبان زار – زار،
دېدىلەر: ئەي سەرۋەرىمىز[17] پىرى كار[18]؛
دەۋلەتۇ نۇسرەت بىلە بولغىل زىياد،
تەنبۇرەنىڭ دەستىدىن، ئەي پىر، داد.
ئۇشبۇ كىچە تەنبۇرە باغلاپ خىيال،
بارچەمىزە بەردى بەسىي[19] ئىنفىئال[20].
تەنبۇرەتەكنىڭ سۆزى ئۇستادى كار،
بىزگە ئۆلۈمدۇر داغى بەس نەنگۇ ئار[21].
تەنبۇرە ھەم ھازىر ئېدى ئول زەمان،
يەتتىيۇ فىلھال[22] يۈكۈندى رەۋان.
دېدى: ئەيا، مۇرشىدىمىز پىرى راھ،
بىر مەنى بىچارەدە يوقتۇر گۇناھ.
ئۇشبۇ جەمائەت بارى كاۋاك بىز،
مەئنىسى يوق باتىلۇ بىباك بىز.
بارچە بولۇپ مېنى قىلۇرغا ئىزا،
كۆركى نېچۈك تاپتىلار ئاخىر جەزا.
پىر بىلىپ كەيفىيەتى ھالىنى،
دېدى: قويۇڭ بىھۇدە ئەفئالىنى[23].
پىر دېدى: تەنبۇرەغە: گۇش[24] تۇت،

---

[1] سۇلۇرلار — تىتىشىدۇ، بۇزىشىدۇ؛ ئازابلايدۇ؛ [2] مەردەك — پەسكەش؛ ئەقىلسىز؛ [3] غۇسسە – غەم، قايغۇ؛ [4] فۇقۇر — كەمبەغەللەر، يوقسۇللار؛ [5] يەكتارە — بىر تارلىق؛ [6] ناقىس — نۇقسانلىق، كەمتۈك؛ [7] خۇدرايە — باشباشتاق، جاھىل؛ [8] كەدۇ — قاپاق؛ [9] ئەدۇ — دۈشمەن، رەقىب؛ [10] ناپەدىد — كۆرۈنمەيدىغان، كۆرۈنمەس؛ [11] ئىھتىراز — ئېھتىيات قىلىش، ساقلىنىش؛ [12] مەھال — مۇمكىن بولمايدىغان ئىش؛ ئېتىقىسىز گەپ – سۆز؛ [13] بۇ سۆز قول يازمىدا «تۈزدىلەر» دەپ يېزىلغان. مەزمۇن ۋە قاپىيە ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى؛ [14] ئويياندى – ئويغاندى؛ [15] مۇھتەسىبى خۇم شىكەن — مەي ئىدىشلىرىنى چاقىقۇچى، مەي ئىچكەنلەرنى نازارەت قىلغۇچى؛ [16] زەھرە — ئۆت؛ غەزەپ؛ [17] سەرۋەر — يولباشچى، باشلىق؛ [18] پىرى كار — ئىشنىڭ پىرى، ئۇستىسى؛ [19] بەسىي — بەك، غايەت، شۇ قەدەر؛ [20] ئىنفىئال — خىجىل بولۇش، ئۇيىلىش؛ [21] نەنگۇ ئار — ئار – نومۇس؛ [22] فىلھال — دەرھال، تېزدىن؛ [23] ئەفئال — ئىشلار؛ [24] گۇش — قۇلاق.

بىر يېرىگە باشقا بىر ئەر قوش تۇت.
كۆڭلىنى ئال بارچەنىڭ، ئەي فىتنەگەر،
چۈن ساڭا يوقتۇر خۇد ئالاردىن گۇزەر.
تەنبۇرە ھەم چۇست①قوپۇپ ئول زەمان،
تۇتتى قۇلاغىن دېدى: خۇردۇ كەلان②.
ئەفۇ قىلىلىڭ ھەر نىچە بىراھ مەن،
بارچەڭىزە چاكەرى دەرگاھ مەن.

ئاقىبەتى كار ئۇشال جەمئى ساز،
قىلدىلار ئاھەنگى ياراشماقنى ساز③.
كەلدى سەفا④ لەشكەرىيۇ تۈزدى سەف،
قىلدى ئەداۋەت چەرىكىن بىر تەرەف.
سۇبھ سەھەر ئاشتى سەبا يېلىنى،
سۇردى خوتەن خانى ھەبەش⑤ ئېلىنى.
تەممە

پايدىلانمىلار:

1. ئىبرگەش رۇستەموۋىچ رۇستەموف: «15 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۆزبېك شېئىرىيىتى»، موسكۋا، 1963 ـ يىلى نەشرى.
2. كەمال ئارسلان: «ئەھمەدىي ــ مۇنازىرە»، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى «تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1986 ـ يىلى نەشرى.
3. ۋاھىد زاھىدوف تەھرىرلىكى ئاستىدا تۈزۈلگەن: «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» (تۆت توملۇق)، بىرىنچى توم، تاشكەنت، 1959 ـ يىلى نەشرى.
4. ئەھمەدىي: «سازلار مۇنازىرىسى» (تۇرسۇن ھامىت تەييارلىغان)، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىللىق 1 ـ سان.
5. مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە: «چاغاتاي ئەدەبىياتى» (تۈركچىدىن تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى تەرجىمىسى)، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2001 ـ يىللىق 3 ـ سان.
6. كەمال ئارسلان: «چاغاتاي شېئىرى»، «تۈرك تىلى» مەجمۇئەسى، 1986 ـ يىلى 7 ــ 8 ـ ئايلىق قوش سان.
7. زۆھەل ئۆلمەز: «چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى توغرىسىدا تەتقىقاتلار»، «تۈركىيە تەتقىقاتلىرى (ئەدەبىيات)» ژۇرنىلى، 2007 ـ يىللىق 9 ـ سان.
8. مۇستافا جانپولات: «چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتى»، «تۈركلەر ئېنسىكلوپېدىيەسى»، ئەنقەرە، 2002 ـ يىللىق 8 ـ سان.
9. مۇستافا ئارغۇنشاھ: «چاغاتاي تۈركچىسى»، ئىستانبۇل، 2013 ـ يىلى نەشرى.
10. ئەرسىن تەرەس: «چاغاتاي تۈركچىسى»، ئىستانبۇل، 2013 ـ يىلى نەشرى.
11. ئې. ئى. فازىلوف تەھرىرلىكى ئاستىدا تۈزۈلگەن: «ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (تۆت توملۇق)، تاشكەنت، 1983 ــ 1985 ـ يىللار نەشرى.
12. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللىرى فاكۇلتېتى پارس تىلى ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن: «پارسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، سودا نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى.
13. تالىئ ئىيمانىي ھېراتىي: «بەدايىئۇل لۇغەت» (ئا. ك. بوروۋكوف تەييارلىغان)، موسكۋا، 1961 ـ يىلى نەشرى.
14. ۋ. م. نادېلياييېف قاتارلىقلار تەھرىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «قەدىمكى تۈركىي تىل لۇغىتى»، لېنىنگراد، 1969 ـ يىلى نەشرى.
15. مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىيالېكتى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.
16. سەككاكىي، لۇتفىي، ئاتايى، گەدايى، ھۈسەين بايقارا، بابۇر ۋە شەيبانىي دىۋانلىرىنىڭ ئىندېكسلىرى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن ئەرافات ھەسەن مۇساباييېف شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتى، مۇھەممەدئەلى ئوبۇلتارى دىلئاچار شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى)

① چۇست ــ چاققان، تېز؛ ② خۇردۇ كەلان ــ كىچىك ـ چوڭ؛ ③ ساز ــ قىلماق؛ ④ سەفا ــ يورۇقلۇق، روشەنلىك؛ پاكلىق؛⑤ ھەبەش ــ نېگىر، قارا تەنلىك.

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى «يىغلاڭغۇ بودىساتۋانىڭ ھېكايىسى»

نەشرگە تەييارلىغۇچى: رازىيە نۇرى

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** ھازىر پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا پاۋىل پېللىئوت دۇنخۇاڭدىن بايقىغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قول يازما ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ قول يازمىدا بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئىككى ئەسەر بار بولۇپ، قول يازمىنىڭ 1 - بېتىدىن 20 - بېتىگىچە «يىغلاڭغۇ بودىساتۋانىڭ ھېكايىسى» («سادپىرا ئۇرۇدىتا بودىساتۋا ۋە دارما ئۇد. گاتا بودىساتۋانىڭ ھېكايىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بايان قىلىنغان.

ھېكايە 156 مىسرا، 181 كۇپلېتلىق باش قاپىيەدە يېزىلغان شېئىرىي ئەسەر بولۇپ، ئەسەردە سادپىرا ئۇرۇدىتا (ئۇيغۇرچە مەنىسى داۋاملىق يىغلايدىغان بودىساتۋا)نىڭ بىلگە بىلىگ پارامىت نوم سۇدۇر (پىراجنىيا پارامىتا سۇترا)نى ئىزدەش سەپىرى ۋە دارما ئۇدگاتى بودىساتۋا (نوم سۆزلىگۈچى بودىساتۋا)دىن بۇ نومنى ئاڭلىغانلىق جەريانى بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ تىلى ناھايىتى گۈزەل، تەسۋىرلىرى ئىنتايىن جانلىق، ئەدەبىي قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى.

تېكىستتە بىلگە بىلىگ پارامىت، پىراتيا پارامىت، پىراتيا پارامىت سۇدۇر، تايپاژاكى («大般若经»نىڭ خەنزۇچىدىن كىرگەن ئاھاڭ تەرجىمىسى) قاتارلىق شەكىللەردە ئۇچرايدىغان بۇ ئاتالغۇ بۇددا دىنىدىكى مۇھىم بىر نوم «ماخا پىراجنىيا پارامىتا»نىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى. پىراتيا «ئەقىل - پاراسەت» دېگەن مەنىدە (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بىلگە بىلىگ دېيىلىدۇ)، پارامىت «قۇتۇلۇش، قارشى قىرغاققا ئۆتۈش» مەنىسىدە بولۇپ، پىراتيا پارامىت «ئەقىل - پاراسەت ئارقىلىق قۇتۇلۇش، ئەقىل - پاراسەت بىلەن قارشى قىرغاققا ئۆتۈش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. پىراتيا پارامىت سۇترا ماخايانا مەزھىپىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ۋە مۇھىم كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

بۇ نومنىڭ خەنزۇ تىلىدا كۇمراجىۋا، شۇەنزاڭ قاتارلىق داڭلىق راھىبلار تەرجىمە قىلغان نۇسخىلىرى بار. گەرچە بۇ نومنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ تولۇق نۇسخىسى ھازىرغىچە بايقالمىغان بولسىمۇ، تۈركولوگلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بۇ نوم خېلى كۆپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلماقتا.

قول يازمىدا بۇ ئەسەرنىڭ يازغۇچىسى، مەتنىنى كۆچۈرگۈچى ھەمدە كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى بېرىلمىگەن. پەقەت 81 - ياپراقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئانچە ئېنىق بولمىغان «ئەجدىھا يىلىنىڭ 1 - يىلى» دېگەن ۋاقىت يېزىلغان. لېكىن ئەسەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى، خەت شەكلى، كىرمە سۆزلەرنىڭ تەۋەلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەسەرنى يۈەن دەۋرىدىن سەل بۇرۇنقى دەۋرگە تەۋە، دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن.

بۇ ئەسەرنى ئەڭ دەسلەپتە تۈركىيەلىك تۈركولوگ شىناسى تېكىن «يۈەن دەۋرىدىكى ئىككى بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەر» (1980) دېگەن كىتابىدا يېشىپ ئوقۇپ رەتلەپ نەشر قىلغان. لېكىن شىناسى تېكىن ئۆزىنىڭ باشقا تەتقىقاتلىرىدەك ترانلىتېراتسىيون (بىر يېزىق بەلگىلىرىنى يەنە بىر يېزىق بەلگىلىرىگە ئايلاندۇرۇش) ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇپ، مەتنىنى ترانسكرىپسىيە قىلمىغان ھەمدە يەشمىسىدە خېلى كۆپ خاتالىقلار كۆرۈلگەن. مەن دوكتورلۇق ماقالەمدە بۇ ئەسەر ئۈستىدە فىلولوگىيەلىك تەتقىقات ئېلىپ باردىم ھەمدە تەرجىمە قىلىپ يېشىپ چىقتىم.

تۆۋەندىكىسى ئەسەرنىڭ تىرانسكرىپسىيەسى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىدىن ئىبارەت.

ئىزاھ: تىرانسكرىپسىيەدىكى گىرىكچە سانلار كۇپلېتنىڭ رەت تەرتىپىنى، مىسرا ئالدىدىكى بىرىنچى سان ئومۇ-مىي مەتىندىكى قۇر ساننى، كەينىدىكى سان بولسا شۇ بەتتىكى قۇر ساننى كۆرسىتىدۇ.

[ ] ــ مەتىندە ئۇچۇپ كەتكەن مەزمۇننى، ( ) ــ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى بويىچە يېزىل-مىغان لېكىن قوشۇلۇشتا تېگىشلىك سوزۇق تاۋۇشلارنى، ‹ › ــ كۆچۈرگۈچى خاتالىشىپ تاشلاپ قويغان، تىرانسك-رىپسىيە قىلغاندا كونتېكستتىكى مەزمۇنلار بويىچە قوشۇلغان مەزمۇننى كۆرسىتىدۇ. ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەر بولسا ئەسلىي مەتىندە خەنزۇچە يېزىق بويىچە يېزىلغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ دەۋردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە z/s ، d/t ئالماشتۇرۇلۇپ يېزىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرىلىدۇ، بۇ خىل ھەرپلەر ئاستىغا بىر چېكىت قويۇپ ئىپادىلەندى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى:

## بىرىنچى ياپراق

1

1. [ant]a ötrü atï köṭrülmiš t(ä)ŋri t(ä)ŋrisi burhan

2. alqu bodisatvlarnïŋ bodisatv[lar] yorïqïnda yorïyur ärkän

3. arïš arïğ bo piratya p(a)ramit nom ärdini üčün

alp qïlsïğ čatïklarïğ išlämišin nomlamaq üzä

1) ئاندىن كېيىن، بۇددا[1] تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان[2]،
2) بارچە بۇدساتۋالارنىڭ بۇدساتۋالار ئىشىنى ئىشلەۋاتقان ۋاقتىدا،
3) بۇ ساپ ۋە پاك پىراتيا پىرامىت نوم گۆھىرى ئۈچۈن
4) تەستە قىلغىلى بولىدىغان جاتاكا[3] لارنى ئىشلىگەنلىكىنى سۆزلەۋاتاتتى.

2

4. alqu kičig [k]ölüngütäkilärniŋ köŋüllärin uluğ kölüngükä eltgäli üčün,

5. arqa qamağ säkiz bölük terin quvrağ arasïnda

6. ayağqa tägimlig subuṭi arhantïğ oqïyu yarlïqap

antağ tep inčä yarlïqadï:

ئۇ بارلىق ھىنايانا مەزھىپىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ماخايانا مەزھىپىگە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن،
5) بارلىق سەككىز بۆلەك جامائەت[4] ئارىسىدىن
6) ھۆرمەتكە سازاۋەر سۇبۇتى ئارخانت[5]نى چاقىرىپ، مۇنداق دېدى:

3

“ay subuṭi-ya! kim qayu bodisatvlar

7. alp bulğuluq burhan qutï üčün bilgä bilig p(a)ramitta yorïğalï küsäsärlär

8. ašnu üdki sadapira urudita bodisatv täg

ayančaŋ köŋülin yanmaqsïzïn qatïğlanmïš kärgäk" tep.

9. anta ötrü subuṭi arhant oronïndïn turup, karažasïn uzq(ï)ya eṭinip

10. ayasïn qavšurup burhanqa yükünüp inčä tep ötündi:

"atï kötrülmiš qaŋïm nomlayu y(a)rlïqazun

11. saḍapira urudita bodisatvnïŋ qatïğlanmaq išin küdügin, turur oronïn.

oḍğuraq küsäyür sävär tapla - 12. yur äšidigsäyür biz"tep.

— ھەي سۇبۇتى، قانداقلا بۇدساتۋالار بولسۇن،
7) تەستە ئېرىشكىلى بولىدىغان بۇرخان قۇتى ئۈچۈن بىلگە بىلىگ پارامىتتا تىرىشىشنى خالىسا،
8) ئىلگىرىكى ۋاقىتتىكى ساداپىرا ئۇرۇدىتا بۇدساتۋادەك ئىززەتلىك، كۆڭلى بىلەن يانماستىن تىرىششى كېرەك —، دېدى.
9) شۇ ۋاقىتتا، سۇبۇتى ئارخانت ئورنىدىن تۇرۇپ، كاساياسىنى چىرايلىق تۈزەشتۇرۇپ،
10) ئالىقىنىنى جۈپلەپ، بۇرخانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى:
— ھۆرمەتلىك ئۇستاز، سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا !
11 ـ 12) ساداپىرا ئۇرۇدىتا بۇدساتۋانىڭ تىرىشقان ئىشلىرىنى، تۇرىدىغان ئورنىنى ئاڭلاشنى ناھايىتىمۇ خالايمىز، — دېدى.

4

13. atï köṭrülmiš yarlïqadï: "subuṭi-ya! ol sadapira u<ru>dita bodisatv ärsär

amtï m(a)ha mehasuvare atl(ï)ğ burhan ulušïnda äsän ärür.

14. anta turup bïšrunur arïğ yorïqïğ.

15. ančulayu oq qatïğlanur bilgä bilig p(a)ramitta." tep.

13) ھۆرمەتلىك ئۇستاز سۆزلىدى:
— ھەي، سۇبۇتى، ساداپىرا ئۇرۇدىتا بۇدساتۋا ھازىر ماخا مېخاسۇۋارە دېگەن بۇرخان ئېلىدە ئامان تۇرىۋاتىدۇ.
14) ئۇ، ئۇ يەردە تۇرۇپ بىراھماNADA يۇرۇپ
15) بىلگە بىلىگ پارامىتتا تىرىشىۋاتىدۇ، — دېدى.

5

16) ساداپىرا ئۇرۇدىتا بۇدساتۋا بۇرۇن بىلگە بىلىگ سۇدۇر⑥نى ئىزلىگەن ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ جېنى، تېنى ۋە مال ـ مۈلكىگە ئازراقمۇ ئىچ ئاغرىتمايتتى.

16. saḍapira urudita bodisatv öŋrä bilgä bilig p(a)ramit suduruğ tilämiš üdtä

## ئىككىنچى ياپراق

saranlanmaz äsirkämäz ärti ätözin isig özin ädin tavarïn,

17. sanğarmaz ärti aṭ kü bulunč alïnč ağïr ayağïğ.

18. sačoqsuz köŋülin bilgä bilig p(a)ramitïğ oq tiläyür ärti.

19. ančulayu qatïğlanu yorïyur ärkän kök qalïqta ün äšidilti:

17) شۆھرەت، نەپ، ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئېرىشىش دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قويمايتتى.
18 ـ19) پۈتۈن قەلبىدىن پەقەت بىلگە بىلىگ پارامىتقا ئېرىشىشنىلا ئويلايتتى. شۇنداق تىرىشىۋاتـ-
قاندا ئاسماندىن مۇنداق ئاۋاز ئاڭلاندى:

6

20. "ay tözünlär oğlï-ya! sän t(ä)rk tavraq öŋdün yïŋaq yorïğïl! bulğay sän bilgä bilig paramïtïğ.

21. anï tiläyü barmïš üdtä qorqmağïl tumlïğqa quyašqa; ömägil udïğuŋïn aš yegüŋin.

22. arïṭï törttin yïŋaq qaymağïl, iryapatïŋïn ïčğïnmağïl, köŋülüŋin täprätmägil.

20) ــ ھەي ئېسىل ئوغلان، سەن دەرھال شەرققە قاراپ ماڭ، بىلگ بىلىگ پارامىتقا ئېرىشىسەن،
21) ئۇنى ئىزدەپ ماڭغاندا ئىسسىق ـ سوغۇقتىن قورقما، ئۇيقۇ ۋە يېمەكلىكنى ئويلىما،
22) باشقا تەرەپلەرگە قېيىپ كەتمە، سۆلىتىڭنى يوقاتما، كۆڭلۈڭدە تەۋرىنىش بولمىسۇن!

7

23. alqu nomlarda täprämäk qamšamaq bolsar, burhan nomïnda ornanïp turu umaz;

24. apam burhan nomïnda ornanïp turmasar, bilgä bilig p(a)ramitïğ bütürü umaz;

25. anï bütürü umasar burhan qutïn ymä bulmaz. anïn bo ögräṭigčä qïlmïšïŋ kärgäk." tep.

23) بارلىق نوملاردا⑦ تەۋرىنىش بولسا بۇرخان نومىنى ئورناتقىلى بولمايدۇ.
24) ئەگەر بۇرخان نومىنى ئورناتقىلى بولمىسا، بىلگە بىلگ پارامىتنى پۈتكۈزگىلى بولمايدۇ.
25) ئۇنى پۈتكۈزگىلى بولمىسا، بۇرخان قۇتى⑧غا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مېنىڭ ئۆگەتكىنىمـ-
چە قىلىشىڭ كېرەك، ــ دېدى.

8

26. anï äšidip bodisatv ögirü sävinü ayasïn qavšurup

27. ayančaŋ köŋülin kök qalïqtaqï ün<kä> kikinč berü sözlädi:

"anoq ärür m(ä)n bilgä bilig p(a)ramitïğ bütürgäli.

28. arïṭï ägsüksüz siziŋ sözlämišiŋiztäkičä qïlayïn." tep.

ol üdün kök qalïq- 29. ta yänä ök inčä tep ün äšidilti:

"ädgü ädgü tözünlär oğlï-ya! bilgä bilig 30. 14p(a)ramitïğ bütürgäli küsäsär

sän, ärtiŋü täriŋ mahayan nomlarda kertgünč taplağïn örit! 31. 15 ayïğ öglitin

öŋi üdrül, ädgü öglilärkä yaqïn barïp sïmṭağsïz- 32. <ïn> qatïğlansar sän,

anṭa tärk tavraq bütürgäysän bilgä bilig p(a)ramitïğ.

26) بۇنى ئاڭلاپ بودساتۋا ناھايىتى خۇشال بولۇپ، سۆيۈنۈپ ئالقانلىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ،
27) ئىززەتلىك كۆڭلى بىلەن ئاسماندىكى ئاۋازغا مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:
— بىلگە بىلگە پارامىتنى پۈتكۈزۈشكە تەييارمەن،
28) چوقۇم سىزنىڭ سۆزلىگەنلىرىڭىزنى قالدۇرماي ئورۇنلايمەن، — دېدى.
29) شۇ ۋاقىتتا ئاسماندىن يەنە مۇنداق ئاۋاز ئاڭلاندى:
30) — ئېسىل ئوغلان، بىلگە بىلىگ پارامىتنى پۈتكۈزۈشنى ئويلىساڭ، ناھايىتى چوڭقۇر ماخايان[9] نوملارغا ئىشەنچ تۇرغۇز،
31) يامان نىيەتلىكلەردىن يىراق تۇر، ياخشى نىيەتلىكلەرگە يېقىن تۇرۇپ ئەستايىدىل
32) تىرىشساڭ، بىلگە بىلىگ پارامىتنى ناھايىتى
تېز پۈتكۈزگەيسەن!

9

33. tözünlär oğlï-ya! qayuta bo nomuğ äšidgäli bolsar sän,

33) ئېسىل ئوغلان، بۇ نومنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا ئۇ نومچى ئۇستازنى قائىدە بويىچە ھۆرمەتلەپ،

## ئۈچىنچى ياپراق

34. töröčä yaŋča ayap ol nomčï [bahšïnï]

"tüẓkärinčsiz burhan bahšïm oq ol" tep saqïnğïl, utlï bilgil;

35. tüẓü köni tuymaq[ïğ t]ärk tavraq bulğaysän." tep.

34) ئۇنى مېنىڭ تەڭداشسىز ئۇستازىم دەپ ئويلىغىن، ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇر،
35) شۇنداق قىلساڭلا ھەقىقىي تۇيغۇ[10]غا دەرھال ئېرىشكەيسەن!

10

"ay yänä ymä tözünlär oğlï-ya,

36. arïš arïğ bilgä bilig p(a)ramitïğ nomlağučï bahšïŋqa

ağïr ayağ tapïğ uduğ qïlmïš üdtä

37. alqunï bildäči bolğu üčün tapïnğïl,

aṭ kü bulunč alïnčïğ küsäyü edärü

38. ayïğ š(ï)mnunuŋ tuẓaqïŋa ilinmägil.

ھەي يەنە ئېسىل ئوغلان،

36) بۇ ساپ ۋە پاك بىلگە بىلىگ پارامىتىنى ئۆگەتكۈچى ئۇستازغا ھۆرمەت قىلىپ تېۋىنىغان ۋاقتىڭدا،

37) ھەممىنى بىلگۈچى[11] بولۇش ئۈچۈن چوقۇنغىن، نام ـ شۆھرەت تەمە قىلىپ، پايدىغا ئەگىشىپ

38) يامان شىمنۇ[12]نىڭ تۇزىقىغا چۈشمىگىن!

11

üküš tälim yavlaq š(ï)mnular

39. ünüšlük nomuğ nomlağučï nomčï bahšïlarqa

40. öŋtä ulaṭï beš törlüg küsänčiglär üzä tapïnïp

ögin sačïp tïdïğ qïlğalï qatïğlanur.

نۇرغۇنلىغان يامان شىمنۇلار

39) نوم سۆزلىگۈچى ئۇستازلارغا

40) ئۆڭ[13] قاتارلىق بەش تۈرلۈك ئارزۇلار[14] بىلەن تېۋىنىپ، يامان نىيەتلىرىنى تارقىتىپ توسقۇنلۇق قىلغىلى تىرىشىدۇ.

12

41. aḍqağ saqïnčtïn ketmiš ol nomčï bahšïlar

42. ayïğ saqïnčlïğlarïğ yavalturup ädgü yïltïzïn üklitmiš üčün täginsärlär ymä

arïṭï ilinmäzlär yapšïnmazlar.

43. anï täg išlärkä yoluqsar sän ilinmägil, kirlig saqïnčïğ ymä turğurmağïl.

41) مەپتۇنلۇق ئويىدىن يىراق ئۇ ئۇستازلار

42) يامان نىيەتلىكلەرنى ئەل قىلىپ ياخشى يىلتىزلارنى[15] كۆپەيتكەنلىكى ئۈچۈن (گەرچە بۇ تۇزاقلارغا تەگسىمۇ)، زادى ئىلىنمايدۇ ھەم يېپىشمايدۇ.

43) ئەگەر ئۇنداق ئىشلارغا يولۇقساڭ، (سەنمۇ) ئىلىنمىگىن، كىرلىك كۆڭۈل تۇرغۇزمىغىن!

13

44. aḍïrṭlayu qolulağïl alqu nomlarnïŋ yoq quruğ bolğuluqsuzïn,

45. ančulayu oq tïnl(ï)ğ yašağlarnïŋ yelvi kömän tül tägin.

46. alqu nomlarïğ munï täg qolulasar sän, čïn kertü nomčï bahšïqa

edärmiš bolup

arïṭï tïdïğsïzïn bilgä bilig p(a)ramitïğ bütürgäy sän." tep.

44) سەن ھەممە نوملارنىڭ قۇرۇق بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ئاپىرىدە بولمىغانلىقىنى،

45) يەنە ھەممە جانلىقلارنىڭ خۇددى ھەسەن ـ ھۈسەنگە، چۈشكە ئوخشايدىغانلىقىنى چوقۇم ئايرىپ ياخشى چۈشەن.

46) ئەگەر ھەممە نوملارنى مۇشۇنداق چۈشەنسەڭ چىن ئىخلاسلىق ئۇستازغا ئەگىشىپ بىلىگ بىلگە پارامىتىنى توسالغۇسىز پۈتكۈزەلەيسەن، — دېدى.

14

47. anča sözläp kök qalïqtaqï ün äšidilmäz boldï.

48. anï äšidip saḍapira urudita bodisatv taqï artoqraq ögirü sävinü

arïṭï tïdïğsïzïn öŋdün yïŋaq yorïyu bašladï.

49. ančaq(ï)ya yorïyu surt oq ïnča tep saqïntï:

47) شۇنداق سۆزلەرنى سۆزلەپ ئاسماندىكى ئاۋاز ئاڭلانماس بولدى.

48) بۇنى ئاڭلاپ ساداپىرا ئۇرۇدىتا بودساتۋا تېخىمۇ خۇشال بولۇپ سۆيۈنۈپ توختىماستىن شەرق تەرەپكە قاراپ يۈرۈشكە باشلىدى.

49) بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، يەنە دەرھال مۇنداق ئويلىدى:

15

50. "nä taŋ-a! m(ä)n nägülük ol kök qalïqtaqï ünkä ayïtmaḍïm

50) «نە تاڭ[16]، مەن نېمىشقا ئاسماندىكى ئاۋازدىن سورىمىدىم؟

تۆتىنچى ياپراق

51. amtï öŋdün yïŋaq näčä täŋlig yer yorïsar tägir qayu suẓaqqa käntkä,

anta yänä kimtin äšidür m(ä)n

52. arïš arïğ bilgä bilig p(a)ramitïğ."

51) ئەمدى شەرق تەرەپكە قانچىلىك ماڭسام قايسى يېزا، شەھەرگە يېتىپ بارارمەن، يەنە كىمدىن ئاڭلىغايمەن

52) ساپ ۋە پاك بىلگە بىلىگ پارامىتىنى؟

16

53. anča saqïnu tükäṭip bodisatv turmïš yerintin täprämätin

ayï qoduru ämgänip yïğlayu sïğṭayu yänä inčä tep saqïntï:

54. "ančaqa tägi bo oronumtïn täprämägäy m(ä)n

55. aḍïrtl(ï)ğ bilmäginčä barğuluq elniŋ ïraqïn yaqïnïn, nomčï bahšïnïŋ

atïn bağïn." tep.

inčä qaltï

53) بۇنى ئويلىغاندىن كېيىن، بودساتۋا تۇرغان يېرىدىن تەۋرىمەستىن، قاتتىق ھەسرەتلىنىپ يىغلاپ:

54 — 55) «بارىدىغان ئەلنىڭ يىراق - يېقىنلىقىنى نومچى ئۇستازنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى بىلمىگۈچە بۇ يەردىن زادى تەۋرىمەيمەن» دەپ ئويلىدى.

خۇددى

17

56. ädgü ögli köŋüllüg anasïnïŋ bir y(a)lŋuz
57. ärtiŋü toqïlïğ körklä tetik bilgä oğulq(ï)y(a)sï inčip surt oq ölsär,
ädgärmätin adïn öŋi iš küdüg sav saqïnčlarïğ
58. äŋäyü ol oğulïn oq saqïnur ärsär,

56) ياخشى نىيەتلىك بىر ئانىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق تېتىك، بىلىملىك بىرلا ئوغلى بولۇپ، بۇ ئوغلى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالسا،
57) باشقا ھېچ نەرسىنى، ھېچقانداق سۆزنى خالىماي، باشقا ھېچقانداق خىيال قىلماي، ھېچ ئىشقا قولى بارماي،
58) پەقەت شۇ ئوغلىنىلا ئويلىغاندەك،

18

59. ančulayu oq saḍapira urudita bodisatv öŋi savïğ saqïnmaz ärti.
60. "amtïqï ünkä nägülük ayïtmatïm barğuluq yerniŋ ïraqïn yaqïnïn,
aẓu kimtin bo mahayan nomuğ äšidgümin" tep.
61. anï oq saqïnïp yïğlayu sïğṭayu turur ärkän

59) ساداپىرا ئۇرۇدىتا بودساتۋامۇ باشقا سۆز ئويلىمايتتى.
60) بارىدىغان يەرنىڭ يىراق - يېقىنلىقىنى ھېلىقى ئاۋازدىن نېمىشقا سورىمىغاندىمەن؟
ئەمدى بۇ ئۇلۇغ نوم توغرىسىدا كىمدىنمۇ ئاڭلارمەن؟
61) (ئۇ) شۇلارنى ئويلاپ ھەسرەتلىنىپ يىغلاپ تۇرغاندا،

19

bäliŋ-ṭäg kök qalïq yüzindä
62. bälgürtmä burhan közünüp
bäk qaṭïğta turmïš ol bodisatvïğ ögä küläyü
63. bäkiz bälgülüg savïn inčä tep yarlïqadï:

كۆك ئاسمان يۈزىدە
62) بىر بەلگۈرتمە بۇرخان[17] كۆرۈنۈپ
بەك قىسىنچىلىقتا تۇرغان ئۇل بودساتۋانى مەدھىيەلەپ ماختاپ،
63) ناھايىتى ئېنىق سۆز بىلەن مۇنداق دېدى:

20

"ädgü ädgü tözünlär oğulï-ya!
64. ärtmiš üdki bodisatvlar bilgä bilig p(a)ramitta qatïğlanur ärkän
65. ätözintä, isig özintä qayvïsïz bolup

ärtiŋü tiṭimligin qatïğlanurlar ärti sini täg ök.

ئىپسىل، ئىپسىل ئوغلان!
64) بۇرۇنقى ۋاقىتتىكى بودساتۋالار بىلگە بىلىگ پارامىتتا تىرىشقان چاغدا خۇددى سەندەك
65) جىبىنى ۋە تېنىگە پەرۋا قىلماي،
ناھايىتى جەسۇرلۇق بىلەن تىرىشاتتى..

21

66. [an]ïn amtï sän, töẓünlär oğulï-a, munṭağ oq qatïğlanu nom küsüšin

66) ئەمدى سەن، ئىپسىل ئوغلان، مۇشۇنداق نوم ئارزۇسى بىلەن

بەشىنچى ياپراق

67. arïṭï [tïdï]ğsïzïn öŋdün yïŋaq beš yüz yočan yer 68 yorïsar sän bir s(u)ganḍapur atl(ï)ğ balïq ol.

anïŋ känti körü qanïnčsïz arïtï ediz ärip

69. atïllarï y(a)šoq yeti ärdinilär üzä büṭmiš ärür.

67) شەرق تەرەپكە ھايالشماي بەش يۈز يوجان[18] يول يۈرسەڭ
68) سۇگانداپۇر ئاتلىق بىر شەھەر بار.
بۇ شەھەرنىڭ سېپىلى كۆز يەتمىگۈدەك ئېگىز بولۇپ،
69) ناھايىتى نۇرلۇق يەتتە گۆھەر بىلەن ياسالغاندۇر.

22

70. anïŋ käntiniŋ tašïnda yänä tägirmiläyü

71. alp tap(ï)šğuluq čintamani čudamani biliŋgam(a)ni br(a)hmamanita ulaṭï ärdinilär üzä

72. aralašturu eṭmiš yetirär qat tamlïğ

aḍïnčïğ körklä yetirär qat qalïqlarï ïsïrqalïqlarï ol.

70) بۇ شەھەرنىڭ تېشىدا يەنە شەھەرنى قورشاپ تۇرغان
71) كەم ئۇچرايدىغان چىنتامانى، چۇدامانى، بىلىنگامانى، بىراخمامانى[19] قاتارلىق گۆھەرلەر
72) قويۇلۇپ ياسالغان يەتتە قات تام،
تەسۋىرلىگۈسىز گۈزەل يەتتە قات ئوردا بولۇپ،

23

73. yeg üstünki körklä ol qalïqlarïğ

74. yet<ir>är qat qavẓayu turur ärdinilig lanqanlarï qarïmlarï, k(ä)zigčä tizigčä tal sögütläri ol.

75. yäŋšäšü turur ol ärdinilig eṭigläri arasïndïn

76. yelü kögänkä oqšaṭï äsriŋü y(a)ruqlar ünüp tolp yertinčüg y(a)ruṭur.

73) ئەڭ گۈزەل بۇ ئوردىلارنى

74) گۆھەردىن ياسالغان سالاسۇنلىرى، خەندەكلىرى ۋە رەت ـ رەت تال سۆگەتلەر يەتتە قات ئوراپ تۇرىدۇ.

75) چاقناپ تۇرغان ئۇل گۆھەرلەرنىڭ زىننەتلەرنىڭ ئارىسىدىن

76) ھەسەن ـ ھۆسەنگە ئوخشاش رەڭمۇرەڭ نۇرلار چىچىلىپ پۈتۈن يەر ـ زېمىننى يورۇتىدۇ.

24

uluğ ärdinilig bo balïqnïŋ törttin yïŋaq yüzläri

77. on ikirär yočan ülgülüg ärip

78. oronï yeri yap yazï, tüp tüẓdäm, ap arïğ, süp süzük ärip

79. uluğ kičig bodunï boqunï köp qalïn toqïlïğ körklä ärür. yänä ymä ol balïqnïŋ

ئۇلۇغ گۆھەرلىك بۇ شەھەرنىڭ تۆت تەرەپتىن كۆلىمى

77) تەخمىنەن ئون ئىككى يوجان،

78) زېمىنى تۈپتۈز، تەكشى، پاك ـ پاكىز، سۈپ ـ سۈزۈك بولۇپ،

79) ياش ـ قېرى پۇقرالىرى كۆپ، ئەدەپلىك ۋە گۈزەل. يەنە بۇ شەھەرنىڭ

25

80. kök vayduri kümüš altunta ulaṭï ärdinilär üzä kügürüštürüp eṭmiš

81. küsänčig körklä kön(ü)ndiläri ükäkläri

kün t(ä)ŋri tilgäni uday tağ töpösindä tuğmïš täg

82. közüg saqïyu köŋülüg učrulduru turur.

80) كۆك ۋايدۇرى، كۈمۈش، ئالتۇن قاتارلىق گۆھەرلەر بىلەن كىرىشتۈرۈپ ياسالغان 18 تەسۋىرلىك گۈزەل مۇنارلىرى بار بولۇپ،

81) خۇددى كۈن تەڭرى ئۇداي (ۋۇتەيشەن) تېغىدا تۇغۇلغاندەك

82) كۆزنىڭ يېغىنى يەپ كۆڭۈلنى سەرخۇش قىلىدۇ.

26

83. qašïnčïğ körklä ol balïqïğ qavẓayu turur

qamağtïn sïŋar yetirär qat ärdinilig qarïmlarï ol.

83) بۇ قالتىس گۈزەل شەھەرنى ھەممە تەرەپتىن يەتتە قات گۆھەردە ياسالغان خەندەكلەر ئوراپ تۇرىدۇ.

## ئالتىنچى ياپراق

84. qarïmlarnïŋ ičindä yänä äsriŋü ärdinilär üzä

85. qavšuru solašïp qavïšu büṭmiš ärdinilig kimeläri ol.

84 ـ 85) بۇ خەندەكلەرنىڭ ئىچىدە يەنە رەڭمۇرەڭ گۆھەرلەرنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ ياسالغان گۆ-
ھەرلىك كېمىلەر بار.

27

86. tört ärdinin eṭiglig ol kimelärniŋ toğunlarï

87. tü törlüg uvšaq ärdinilär üzä tevalïğ bakdilïğärür.

tükäl buyanlïğ ol balïqtaqï tïnl(ï)ğlar

88. tün kün tï tutčï ol kimetä alačularta olorur.

86) تۆت گۆھەردىن ياسالغان بۇ كېمىلەرنىڭ سايمانلىرىنىڭ
87) ھەممىسى ھەر تۈرلۈك ئۇششاق گۆھەرلەر بىلەن ئىلاھىي قىياپەتتە ياسالغاندۇر.
ئۇل شەھەردىكى پۈتۈنلەي ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىدىغان ئىنسانلار
88) تۈن ـ كۈن شۇ كېمىلەردە، كېمە ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ.

28

qalïŋulayu üšüšü,
qaḍğurušu külüšü,
qaqïṭïšu iṭišü,
89. qavïšïšu yïğïlïšu

(ئۇلار) گاھىدا لەيلىشىپ، گاھىدا ئۇششۇپ،
گاھىدا قايغۇرۇپ، گاھىدا كۈلۈشۈپ،
گاھىدا ئۇرۇشۇپ ئىتتىرىشىپ،
89) گاھىدا يىغىلىپ قۇچاقلىشىدۇ.

29

süčig čïvš(a)ğun ičgülärig

90. süzüp särmäp qudturup

sükräk ilgäysök urïlar qïzlarïğ

sürügin toyïn böditip

91. altïn yalŋuq yertinčüsindä ärsär ymä üstünki t(ä)ŋrilärtä aḍïrṭsïz

mäŋiläyürlär. ol uluğ

92. balïqnïŋ tašïnda yänä beš yüz uluğ yemišliklär ol.

چۈچۈك ئىچىملىكلەرنى
90) سۈزۈپ قەدەھلەرگە قۇيۇپ،
تېتىك ۋە جانلىق يىگىت ـ قىزلارنى
توپ ـ توپى بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشۈرۈپ،
91) گەرچە ئاستىدا ئىنسانىي دۇنيادا بولسىمۇ، خۇددى ئۈستىدىكى تەڭرىلەردىن پەرقسىز لەززەت سۈرىدۇ.
92) بۇ چوڭ شەھەرنىڭ تېشىدا بەش يۈز چوڭ مېۋىلىك باغ بار بولۇپ،

30

93. yänä alïmlata ulatï sögütlärniŋ tüšläri köligäläri üzä

nurkitap.com

94. yapa oronlarï säviglig ärip

yaŋï kälmiš qušq(ï)yalarnïŋ ätigläri üzä

95. yaqïp üngülüksüz tiriglig ärür.

93) يەنە (بۇ باغلار) ئالما قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرى، سايىلىرى بىلەن
94) ھەممە جايلىرى ناھايىتى سۆيۈملۈكتۇر.
يېڭى كەلگەن قۇشلارنىڭ سايرىغان ئاۋازى بىلەن
95) ئادەمگە يېقىپ ناھايىتى جانلىقتۇر.

31

yänä ymä ol yemišliklärdä

96. yarašï körklä yullarï ärip

yağ täg süt täg suvlarï ol.

97. yarïlu ačïlmïš lenhwa čäčäkläri ärip

yaltrïyu turur öŋläri ol.

ol yullarnïŋ ičin- 98. [tä] yänä

بۇ مېۋىلىك باغلاردا
96) ناھايىتى ياراشقان گۈزەل ئېرىقلار بار،
(ئۇنىڭدا) ياغدەك، سۈتتەك سۇلار ئېقىپ تۇرىدۇ.
97) بۇ سۇلاردا يېرىلىپ ئېچىلغان نىلۇپەر گۈللىرى بار بولۇپ،
رەڭلىرى چاقناپ تۇرىدۇ.
98) ئېرىقلارنىڭ ئىچىدە يەنە

32

ödräk aŋït käklik

öpüp qušğač čïlïq

ئۆردەك، ھاڭگىرىت، كەكلىك،
ھۆپۈپ، قۇشقاچ، چۈللۈق،

33

99. kalav(i)nk čivačivak [y]uy quš

kapinč(a)l lägläk qaz quš

99) تورغاي، قىرغاۋۇل، توز،
ئورمان چىلى، لەيلەك، غاز،

34

köküš käkük tuṭi

100. kökürčgän turya [quš]ta ulatï

tü törlüg tümän bağlïğ

tüšrüg äsriŋü yüglüg qanat

101. larïn yaẓïp čalqïnlarïn čapa

كۆكۈچ كاككۇك، تۇتى،
100) كەپتەر، تۇرنا قاتارلىق
101) تۈرلۈك ـ تۈمەن خىل قۇشلار
رەڭمۇرەڭ پەي قاناتلىرىنى يېيىپ،

## يەتتىنچى ياپراق

102. qomïyu qopa qudruqlarïn tikä

köküzlärin böksäglärin sürṭünü

103. körüŋlärin qaynïqlarïn eṭinü

102) قۇيرۇقلىرىنى تىكلەپ، پەيلىرىنى تاراپ،
103) تۆمشۇقلىرى بىلەن ئۆزىنى ياساپ

35

öŋdün kedin baqïnu

öŋlärin yüglärin sïqanu

104. ögän qïdïğlarïnda qïmrayu

örü učğalï talpïyu

ئالدى ـ كەينىگە بېقىشىپ،
پەيلىرىنى سىلىشىپ،
104) دەريا قىرغاقلىرىدا تولپىشىپ
قاناتلىرىنى كېرىپ ئېگىز ئۇچماقچى بولىشىپ،

36

qarïšu oynayu

qačurušu toqïšu

105. qaqïlayu ätinäyü

qaŋšïlayu čïrïnayu ünäyürlär.

بىر ـ بىرى بىلەن چوقۇشۇپ،
ئوينىشىپ، بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ،
105) بىر ـ بىرىگە سۈركىلىشىپ، قاقىلدىشىپ،
چىرقىرىشىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا سايرىشىدۇ.

37

106. öŋisig ädgü ol balïqtaqï tïnl(ï)ğlar

107. öŋrä ažunda täriŋdä täriŋ piratya p(a)ramitqa kertgünüp

bïšrunmaq yorïmaqnïŋ

üstünki yeg tüšindä antağ tuğup

108. öz taplarïnča munï täg mäŋiläyürlär.

106) بۇ شەھەردىكى ئىنسانلار
107) بۇرۇن ناھايىتى تېرەن، چوڭقۇر بىلىگە بىلىگ پارامىتقا ئىشىنىپ، بۇ نومدا يۇرۇشىنىڭ
ئەڭ ئۈستۈنكى مېۋىسىنىڭ نەتىجىسىدە يەنە شۇنداق تۇغۇلۇپ
108) ئۆز ئىستەكلىرى بويىچە مۇشۇنداق كۆڭۈل ئاچىدۇ.

38

yänä ymä tözünlär oğlï-ya ol balïqta

109. bir ediz körklä adroq oronta

yarlïqančučï köŋüllüg ḍarma uḍgati bodisatvnïŋ ordosï qaršïsï ol.

110. yapa qamağ eṭigläri ol balïqnïŋ birindä mïŋ tümän ülüš yeg adroq ärip

111. yazïsïnïŋ keŋi bir yočan ol.

ـــ يەنە ھەي ئېسىل ئوغلان، بۇ شەھەردىكى

109) بىر ئېگىز ناھايىتى گۈزەل ئوردىدا
مېھرىبان كۆڭۈللۈك دارما ئۇدگاتى بودساتۋانىڭ ئوردىسى بار بولۇپ،
110) بۇ ئوردىنىڭ زىننەتلىنىشى بۇ شەھەرنىڭ باشقا يەرلىرىنىڭكىدىن مىڭ تۈمەن ھەسسە ئارتۇق.
111) (بۇ ئوردىنىڭ) كەڭلىكى بىر يوجاندۇر.

39

tušiṭa bavan ordoqa oqšaṭï ol ordo qaršïta

112. tolpnuŋ umuğï darma uḍgati bodisatv

113. tolu tükäl altï tümän säkiz mïŋ apsarelar üzä qavẓatïlu

tutčï alqu üdtä beš törlüg küsänčig mäŋilärig täginür.

تۇشىتا باۋان[20] ئوردىسىغا ئوخشايدىغان بۇ ئوردىدا
112) ھەممە ئاۋام ئۈمىد قىلىدىغان دارما ئۇدگاتى بودساتۋانى
113) پۈتۈنلەي ئالتە تۈمەن سەككىز مىڭ ھۆر قىزلار بىلەن ئوتتۇرىغا ئېلىپ،
ھەممە ۋاقىتتا بەش تۈرلۈك ئارزۇلار بىلەن توختىماي كۆڭۈل ئاچىدۇ.

40

114. taŋlančïğ körklä ol balïqtaqï bodun boqunnuŋ

115. darma uḍgati bodisatvïğ körmäklig taplarï bolsar

taplarïnča kirip ilinčü mäŋi täginip bodisatvïğ körürlär,

116. tayšïŋ mahayan nomlarïğ ymä äšidürlär.

114) ئەگەر ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك بۇ شەھەردىكى كىشىلەردە
115) دارما ئۇدگاتى بودساتۋانى كۆرۈش ئىستىكى بولسا،
ئۆزى خالىغىنىچە كىرىپ كۆڭۈل ئېچىپ بودساتۋانى كۆرىدۇ،
116) ماخايان نوملارنى ئاڭلايدۇ.

41

darma uḍgati bodisatv

117. tapïğčïlarï birlä ilinčü mäŋi täginü tükätdöktä

taŋda kečä altï üdlärdä

taypažaki suduruğ nomlayur.

دارما ئۇدگاتى بودساتۋا
117) خىزمەتچىلىرى بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ بولغاندا، كۈندۈز ئالتە ئۇلۇش ۋاقىتتا
بىلگە بىلىگ سۇدۇرنى سۆزلەيدۇ.

42

118. uluğ yarlïqančučï <köŋül>lüg bodisatv pir(a)tya p(a)ramitïğ

nomlağu üdtä

119. ol balïqtaqï urïlar qïzlar

olorup nom nomlağuluq a̤zan oronuğ

118) ئۇلۇغ، مېھرىبان كۆڭۈللۈك بۇدساتۋا بىلگە بىلىگ پىراتيا پارامىتنى سۆزلىگەن ۋاقىتتا،
119) بۇ شەھەردىكى يىگىتلەر، قىزلار ئولتۇرۇپ نوم سۆزلەيدىغان ئازان[21] ئورۇننى

سەككىزىنچى ياپراق

120. oqšaṭïnčsïz körklä ärdinilär üzä eṭärlär yaraṭurlar.

120) ئوخشاتقۇسىز گۈزەل گۆھەرلەر بىلەن ياسايدۇ، يورۇتىدۇ.

43

qašïnčïğ körklä ol oron üzäsindä
121. qarqumi barčïnta ulaṭï oron tösäk suq sunčuqlarïğ
122. qat qat yarašturu tölṭäp tösäp
qar yinčülüg torlarïğ asarlar salïndururlar.

ھەددى ـ ھېسابسىز گۈزەل ئۇل ئورۇندا
121) يىپەك تاۋار كۆرپە تۆشەكلەرنى
122) قات ـ قات ياراشتۇرۇپ سېلىپ،
قاشتېشى، مەرۋايىتلىق تورلارنى ئاسىدۇ.

44

123. ikidin bašlarïnda yumšaq böriṭiglig
išgirti žüngim üẓäki yölängülärig ornaṭïp
124. inčkä eṭiglig pra kušatri tuğ yumẓuğlarïğ
125. eyin käzigčä tuṭa tävinürlär.

123) ئىككى بېشىغا يۇمشاق
كىمخابتىن تىكىلگەن ياستۇقلارنى ئورنىتىپ،
124) نەپىس ياسالغان تۇغ ـ ئەلەم، بايراقلارنى
125) رەت ـ رەت تۇتۇپ ئۆتكۈزىدۇ.

45

sansïz saqïšsïz säkiz bölük terin quvrağ
126. saṭïğsïz ädgü tütsüglärig köyürüp hwa sačïp
127. sarvatyan bilgä biligig buldurtačï mahayan nomuğ
sačoqsuz köŋülin äšidürlär.

سانى ساناقسىز سەككىز بۆلەك جامائەت

126) بىباھا كۈجلەرنى كۆيدۈرۈپ، گۈللەرنى چېچىپ،
127) ھەممىنى بىلدۈرگۈچى ئۇلۇغ نومنى چىن كۆڭلى بىلەن ئاڭلايدۇ.

46

128. ayağqa tägimlig bodisatv munï täg tapïğ uduğlarïğ täginü
ariš arïğ piratya p(a)ramitïğ nomlamïš üdtä
129. anta bolur tuṭup sözlädäčilär, bitidäči bitiṭtäčilär,
130. aẓuča ymä bolur yörüg tözin yinčürüp nomča yorïdačïlar.

128) ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇدساتۋا مۇشۇنداق ھۆرمەتلىنىپ،
ساپ ۋە پاك پىراتيا پارامىتنى سۆزلىگەن ۋاقىتتا،
129) (بۇدساتۋانىڭ سۆزلىرىنى) تۇتۇپ سۆزلىگۈچىلەر، يازغۇچىلار، ۋە يازدۇرغۇچىلار
130) ياكى مەنىسى توغرىسىدا ئويلىنىپ مۇشۇ نوم بويىچە يۈرگۈچىلەر بار بولۇر.

47

131. anï täg qïlmaq üzä ol tïnlïğlarda biriläri
avyavarṭik oronqa tägirlär,
132. aẓuča ärsär ymä amarïlarï
alqunï bildäči bilgä biligig tanuqlayurlar.

131) مۇشۇنداق قىلىش بىلەن بۇ ئىنسانلارنىڭ بەزىلىرى
ئاۋياۋارتىك ئورۇنغا يېتىدۇ.
132) ياكى بەزىلىرى
ھەممىنى بىلگۈچى بىلگە بىلىگنى ئىسپاتلايدۇ.

48

133. anïn amtï sän sezinmätin tärk tavraq barğïl!
134. arïṭï tïdïğsïzïn täggäy sän darm uḍgaṭi bodisatvqa.
ariš arïğ piratya p(a)ramitïğ ymä äšidip
135. alqunï bildäči bilgä biligig tärk tavraq bulğay sän." tep.

133) ــــ ئەمدى سەن گۇمانلانماستىن تېز بار.
134) دارما ئۇدگاتى بۇدساتۋانى ھېچقانداق توسالغۇسىز تېپىپ،
بۇ پاك ۋە ساپ پىراتيا پارامىتنى ئاڭلاپ،
135) ھەممىنى بىلگۈچى بولغايسەن، ــــ دېدى.

«يىغلاڭغۇ بۇدساتۋانىڭ ھېكايىسى»نىڭ پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان فاكسىمىل نۇسخىسى:

















ئىزاھاتلار:

① ئەسلىي ئەسەردە «ئاتى كۆترۈلمىش» بولۇپ، بۇددانىڭ ھۆرمەت نامى.

② بۇرخان خەنزۇچە «佛» سۆزىگە تۈركچە خان ئاتالغۇسىنى قوشۇپ ياسالغان سۆز بولۇپ، بۇددانى كۆرسىتىدۇ.

③ بۇددانىڭ بۇددا دەرىجىسىگە يېتىشتىن بۇرۇنقى ئىش ئىزلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

④ قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى «سەكىز بۆلۈك تېرىن قۇۋراغ» بولۇپ، نومنى قوغدىغۇچى سەككىز تۈرلۈك تەڭرىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ ئارخانت ساكيامۇنىنىڭ يېتەكلىشىدە سانسارادىن قۇتۇلۇپ نىرۋاناغا يەتكەن ساكيامۇنىنىڭ شاگىرتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. سۇبۇتى ساكيامۇنىنىڭ «قۇرۇغ» تەلىماتىنى ئەڭ ياخشى چۈشەنگەن شاگىرتلىرىنىڭ بىرى.

⑥ بۇددانىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرى «سۇدۇر» ياكى «سۇترا» دەپ ئاتىلىدۇ.

⑦ «نوم» سوغدىچىدىن كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ، «بۇددا قانۇنى، قانۇن، ئەقىدە، دىن، بۇددىزىم كىتابى» دېگەن مەنىدە.

⑧ بۇددا دەرىجىسىگە يېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

⑨ «ئۇلۇغ، چوڭ» دېگەن مەنىدە.

⑩ قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى «تۈزۈ كۈنۈ تۈيماق» بولۇپ، «كۆزى ئېچىلىش، ئەقىل - پاراسەت، پىكرى ئېچىلىش» دېگەن مەنىدە. بۇددا دىنىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجە.

⑪ بۇددانىڭ باشقا بىر نامى.

⑫ شىمنۇ سوغدى تىلىدىن كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ، «جىن - شەيتان» دېگەن مەنىدە.

⑬ «رەڭ، تۈس» دېگەن مەنىدە بولۇپ، شەھۋانىي ھەۋەستە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

⑭ چىراي، ئاڭلاش، پۇراش، تەم، سىلاش قاتارلىق ئادەمنىڭ بەش خىل ئىستەك - نەپسىنى كۆرسىتىدۇ.

⑮ سانسكرىتچە «kuala - mūla» دېگەن ئاتالغۇنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بارلىق نوملارنىڭ كېلىپ چىققان يىلتىزىنى كۆرسىتىدۇ.

⑯ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ھەيرانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

⑰ بۇددانىڭ جانلىقلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن باشقا ئادەم ۋە نەرسىلەرگە ئۆزگىرىپ كۆرۈنگەن ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ.

⑱ ھىندىستاندىكى بىر خىل ئۆلچەم بىرلىكى.

⑲ سانسكرىتچىدىن كىرگەن گۆھەرنىڭ ناملىرى.

⑳ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، «تەڭرى يېرى» دېگەن مەنىدە. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، بۇ تەڭرى يېرىدە ئىچكى - تاشقى ئوردا - قەسىرلەر بار بولۇپ، «ئامرانماق ئۆلۈش»تا تۇرىدىغان تەڭرىلەرنىڭ بىر قىسمى مۇشۇ يەردە تۇرىدىكەن.

㉑ بۇددا، بۇدساتۋا ۋە تەڭرىلەرنىڭ ئولتۇرىدىغان ئورنىنى كۆرسىتىدۇ.

داۋامى كېيىنكى ساندا

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

قۇربانجان ئابدۇقادىر

# كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر قىسىم لىرىك ژانىرلار ھەققىدە

(بۇ ماقالە دۆلەتلىك تەتقىقات تېمىسى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى تەتقىقاتى»نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى، رەت نومۇرى: 10BZW117)

نەزم ياكى شېئىر ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ۋە تىپىك شەكلى. قەدىمكى ئىنسانلار شېئىرنى ناھايىتى قىممەتلىك ۋە مۇقەددەس نەرسە دەپ بىلگەن. قەدىمكى يۇنانلىقلار شېئىرنى تەڭرىنىڭ شائىر قەلبىگە سالغان ئىلھامى دەپ قارىغان[1]. ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتى شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي ئىپادە ۋە شېئىرىي سەنئەت جەھەتتىن يۇقىرى بىر پەللە ياراتقان بولۇپ، بۇ ئەينى دەۋر شائىرلىرىنىڭ ئېتىقاد، بىلىش ۋە بەدىئىي ئىستېدات جەھەتتىكى چوڭقۇرلۇقىنىڭ نەتىجىسى. كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەدىب ۋە شائىرلاردىن سەككاكىي، ئاتايى، ئەلىشىر نەۋائىي، بابۇر قاتارلىقلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئوچۇق ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا شېئىرىيەت قاراشلىرى ۋە شېئىرىي ئۆلچەملەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، نەۋائىينىڭ «مۇفرەدات»، «مىزانۇل ـ ئەۋزان»، بابۇرنىڭ «رىسالەئى ئارۇز» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرىدە شېئىرىيەتنىڭ بەزى ژانىرلىرى ۋە ژانىرلارغا مۇناسىۋەتلىك ۋەزىن ئۆلچەملىرى ھەققىدە مەخسۇس توختالغان. چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى شېئىرىي ژانىرلارنىڭ تۈر ۋە سۈپەت جەھەتتىن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن يۇقىرى بىر پەللىنى يارىتىشى بىلەن شائىرلارنىڭ شېئىرىيەت چۈشەنچىسى ۋە بەدىئىي ئىستېدات مەنبەسى بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار شېئىرنىڭ ۋاسىتىسى بولغان شېئىرىي تىل، شېئىرىي ئۆلچەم (ئارۇز)، شېئىرىي ماھارەت (ئىپادىلەش ماھارەتلىرى)، شېئىرىي قابىلىيەت قاتارلىقلارنى ئىلاھىي ئىلىم (مەرىپەت) دەپ تونۇغان[2].

چاغاتاي ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەتنىڭ مول تېمىلار بىلەن بېيىشى ھەمدە يۇقىرىقىدەك شېئىرىيەت چۈشەنچىسى ۋە نەزەرىيەلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى نەتىجىسىدە شېئىرىي شەكىل ۋە ژانىرلار كۆپ خىللاشتى. چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى نەزمىي ژانىرلارنى لىرىك ژانىرلار ۋە ئېپىك ژانىرلاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈپ تەھلىل قىلىش مۇمكىن.

چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى لىرىك ژانىرلار ئاساسلىقى دىۋان ئەدەبىياتى ژانىرلىرىنى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، دىۋان ئەدەبىياتى ژانىرلىرىدا ئارۇز ئاساسلىق ۋەزىن ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ. لىرىك ژانىرلارنى تۈرلەرگە بۆلۈشتە مىسرا[3]، بېيىت[4]، بەند[5] (كۇپلېت) ۋە قاپىيە[6]لەر مۇھىم ئۆلچەملەر بولۇپ، شېئىرلار بېيىت ياكى بەندتىن تەركىب تاپقانلىقىغا قاراپ، بېيىتلىك شېئىرلار ۋە بەندلىك شېئىرلار دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. بېيىتتىن تەركىبلەنگەن شېئىرلار ئەينى قاپىيەلىك ياكى ئايرى قاپىيەلىك دەپ ئىككىگە بۆلىنىدىغان بولۇپ، ئەينى قاپىيەلىك شېئىرلار قەسىدە، غەزەل، مۇستەھزاد قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنسە، ئايرى قاپىيەلىك شېئىرلار مەسنەۋى قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. بەندتىن تەركىب-

لەنگەن شېئىرلار بولسا بىر بەندلىك ۋە كۆپ بەندلىك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىر بەندلىكلەردىن رۇبائىي، تۇيۇق قاتارلىقلار بار. كۆپ بەندلىك شېئىرلارنىڭ ئومۇمىي نامى مۇسەممەت دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بولغان ئەلىشىر نەۋايىي «بەدايىئۇل بىدايە»نىڭ دىباچەسىدە دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن لىرىك ژانىرلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «...يەنە مەسنەۋىلەردىن، قەسىدىلەردىن باشقا ــــ تەڭرى خالىسا ئۇلار ھەرقايسىسى ئايرىم كىتاب بولغۇسى ــــ ھەر تۈرلۈك شېئىردىن، مەسىلەن، روھنى كۆتۈرىدىغان مۇخەممەسلەر ھەممىسى بەش زىننەتلىك، راۋان مۇسەددەسلەر ھەممىسى ئالتە قەۋەتلىك، مەنپەئەتلىك رۇبائىيلار ھەممىسى لاتاپەتلىك، پايدىلىق قىتئەلەر ھەممىسى مەنپەئەتلىك، كۆڭۈلگە يېقىملىق مۇستەھزادلار بارچىسىنىڭ سۈپەتلىرى خەتتىن زىيادە، تەڭداشسىز فەردلەرنىڭ ھەممىسى شېرىن ۋە راۋانلىقتا يېگانە، نامغا ئائىت مۇئەممالار بارچىسى ئات يوشۇرماقتا چاققان، قىزغىن نەپەرلەرگە بارچىنىڭ مەپتۇنلۇقى ئايان، بىر - بىرىگە باغلانغان تەرجىئىبەندلەر ھەممىسى يېقىملىق، مۆتىدىل تۇيۇقلار بارچىسى تۈركچە ئۇسلۇبتا بولۇپ، بۇ بېيىتلار تەۋسىدە ھەمراھ بۇ شېئىرلار گۆرۈھىدا تەۋە بولدى.»[7] دېمەك، چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى دىۋان ژانىرلىرى بولغان لىرىك شېئىرلارنىڭ تۈرلىرى نىسبەتەن كۆپ، نەزەرىيەۋى ۋە بەدىئىيلىك ئۆلچىمى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، مۇشۇ ژانىرلار بويىچە شائىرلار ئۆزىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي تالانتىنى نامايان قىلغان. بىز تۆۋەندە بۇ ژانىرلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

1. قەسىدە: قەسىدە ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «مەقسەت، مۇددىئا» مەنىسىدىكى «قەسد» سۆزىدىن تۈرلىنىپ چىققان.[8] قەسىدىنىڭ لۇغەت مەنىسى «نىيەت قىلماق، يېقىنلاشماق، ئىپادىلىمەك» دېگەنلىكتۇر. بۇ ژانىر كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى ئاساسلىق ۋە كۆپ قوللىنىلىدىغان ژانىرلارنىڭ بىرى بولۇپ، دىن ۋە دۆلەت بۈيۈكلىرىنى مەدھىيەلەش ياكى سۆيگۈ - مۇھەببەت ئىزھار قىلىش، جاسارەت ۋە قەھرىمانلىقلارنى كۈيلەش، ئەقىل، شجائەت، ئىپپەت، ئادالەت قاتارلىق ئېسىل تېمىلارنى تەشۋىق قىلىش ھەمدە بۇلارنىڭ قارشىسىدىكى سەلبىي نۇقتىلارنى ھەجۋى قىلىش قاتارلىق مەقسەتلەردە يېزىلىدۇ. قەسىدە يازغان شائىرلار «قەسىدىخان» ياكى «قەسىدە پەرداز» دەپ سۈپەتلىنىدۇ.

قەسىدە ھەجىم جەھەتتىن چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ئاز بولغاندا 11 بېيىت، كۆپ بولغاندا 100 بېيىتتىن ئارتۇق يېزىلىدۇ. قەسىدە باشتىن - ئاخىر ئوخشاش بەھرىدە ۋە ئوخشاش قاپىيەدە يېزىلىدىغان بولۇپ، قاپىيە شەكلى aa، ba، ca، da شەكلىدە بولىدۇ. قاپىيە سۆزلىرىنى ئىمكانقەدەر كۆپ تەكرارلىماسلىق ئۈچۈن، ئوخشاش سۆزنى 15 بېيىت دائىرىسىدە قايتا ئىشلەتمەيدۇ. غەزەلگە ئوخشاشلا قەسىدىنىڭمۇ بىرىنچى بېيىتى «مەتلەئ» (باشلانما، مۇقەددىمە)، ئەڭ ئاخىرقى بېيىتى «مەقتەئ»، مەقتەئنىڭ ئالدىدىكى ياخشى يېزىلغان بېيىت «ھۇسنى مەقتەئ»، قەسىدىنىڭ ئەڭ ياخشى يېزىلغان بېيىتى «بەيتۇل - قەسىد» دېيىلىدۇ.

قەسىدە قۇرۇلما جەھەتتىن ئالتە قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەسىدىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى نەسىب (بەھرە، ئۈلۈش، ھەسسە) ياكى تەشبىب (چىرايلىق سۆز - ئىبارىلەر ئىشلىتىلگەن ژانىر) بولۇپ، قەسىدىلەرنى تۈرگە ئايرىشتىمۇ نەسىب ياكى تەشبىبتە ئىپادىلەنگەن مەزمۇن ئاساس قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ بۆلۈمدە ئاشىقانە تۇيغۇلار ئىپادىلەنسە، نەسىب بولىدۇ؛ ئەگەر باشقا تېمىلار ئىپادىلەنسە، تەشبىب بولىدۇ. ئومۇمەن، نەسىب ياكى تەشبىب مۇقەددىمە خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، شائىرنىڭ جەمئىيەت، تۇرمۇش، تەبىئەت توغرىسىدىكى مەدھىيە، مەرسىيە، ھەجۋى ياكى پەند - نەسىھەت خاراكتېرىنى ئالغان تۇيغۇ - قاراشلىرى ئىپادىلىنىدۇ. نەسىب بىرقانچە بېيىتتىن تەشكىل تاپىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى بېيىتى «مەتلەئ» دېيىلىدۇ.

قەسىدىنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمى گۇرىزگاھ (مۆكۈنۈش جايى، پاناھ جاي) بولۇپ، بۇ نەسىب ياكى تەشبىبىدىن ئاساسىي مەقسەتكە ئۆتۈشتىكى بىر ياكى بىرقانچە ئۆتۈشمە بېيىتنى كۆرسىتىدۇ. قەسىدىنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمى تەئرىپ ياكى مەدھ بولۇپ، بۇ بۆلەكتە شائىر قەسىدە بېغىشلانغان كىشى ياكى شەيئىگە بولغان مەدھىيەسى، باھاسى قاتارلىق مەزمۇنلارنى يازىدۇ. بۇ بۆلەكتە قەسىدىنىڭ ئەڭ سەنئەتلىك بېيىتلىرى بولىدۇ. بۇ بۆلەكنى قەسىدىنىڭ ئاساسىي قىسمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. تۆتىنچى بۆلەك تەغەززۇل (مۇھەببەتلەشمەك، مۇھەببەت ئىزھار قىلماق) بۆلىكى بولۇپ، بۇ بۆلەك ھەممە قەسىدىلەردە چوقۇم بولۇشى شەرت بولغان بۆلەك ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا، بەزى قەسىدىلەردە تېمىدىكى تومتاقلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن قەسىدىنىڭ تېمىسىدىن سىرت بىر ياكى ئىككى غەزەل قوشۇپ يېزىلىدۇ، بۇنداق غەزەللەر «تەغەززۇل» دېيىلىدۇ. قەسىدىنىڭ بەشىنچى بۆلىكى بولسا مەتلەب (تەلەپ قىلىنغان ئىش، مۇددىئا) ياكى مەقسەت بولۇپ، بۇ بۆلەكتە شائىرنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى ئىپادىلىنىدۇ. ئاخىرقى بۆلەك خاتىمە (دۇئا) بولۇپ، بۇنىڭدا شائىر ئۆزىنىڭ خۇلاسە خاراكتېرلىك سۆزلىرىنى بايان قىلىپ قەسىدىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. قەسىدىنىڭ ئاخىرقى بېيىتى «مەقتەئ» (تۈگەللىمە) دېيىلىدۇ. قەسىدىنىڭ ئاخىرىدا شائىرنىڭ ئىسمى ياكى تەخەللۇسى يېزىلىدىغان بېيىت «تاج بېيىت» دېيىلىدۇ. «تاج بېيىت» قەسىدىنىڭ مەقتەئ بېيىتى بولۇشىمۇ ياكى مەقتەئدىن ئىلگىرىكى بېيىتلاردىن بىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن. شائىرلار ئۆز تەخەللۇسى (ياكى ئىسمى)نى ئومۇمەن دۇئا قىسمىدا، قەسىدىنى پۈتكۈزۈشتىن بىرقانچە بېيىت ئىلگىرى يازىدۇ.

قەسىدىلەر تېما نۇقتىسىدىن يېزىلىش مەقسىتى ۋە نەسىبتە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. «خۇدانىڭ بىرلىك بارلىقى، سۈپەتلىرى ۋە قۇدرىتى ھەققىدە يېزىلغان قەسىدىلەر تەۋھىد؛ خۇداغا بولغان تەقۋادارلىق، گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرىتىنى تىلەش توغرىسىدا يېزىلسا مۇناجات؛ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە تۆت خەلىپىگە بېغىشلانغان بولسا نەئت؛ دۆلەت ئەربابلىرى، خان ـ پادىشاھلار، مەشھۇر شەخسلەر ياكى ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرى ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىرى تەسۋىرلەنسە مەدھىيە؛ دۈشمەنلىرىنىڭ ياكى بەزى ناچار شەخسلەرنىڭ قىلمىشلىرى مەسخىرە قىلىنغان بولسا ھەجۋىيە، پادىشاھنىڭ تەختكە چىققانلىقى تەبرىكلەنسە جۇلۇسىيە دېيىلىدۇ. شائىرلار بەزىدە ئۆزى تەرىپلىمەكچى بولغان كىشى تەرىپىدىن بىنا قىلدۇرۇلغان بىرەر قۇرۇلۇشنىڭ تارىخىنى يېزىش ئارقىلىق شۇ كىشىنىڭ تۆھپىلىرى ھەققىدە سۆزلەيدۇ، بۇنداق قەسىدىلەر تارىخ قەسىدىسى دېيىلىدۇ. ئەگەر قەسىدىدە باھار، ياز، كۈز ۋە قىش تەسۋىرلەنگەن بولسا، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بەھارىيىيە، سەيفىيىيە (ياكى تەمۇزىيىيە)، خەزانىيىيە ۋە شىتائىيىيە دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ؛ ئەگەر نەسىب قىسمىدا ھېيت ـ بايراملار تەسۋىرلەنگەن بولسا، بايرامىيىيە (ياكى ئىيدىيىيە)، نەۋرۇزىيىيە دېيىلىدۇ، رامازان تەسۋىرلەنسە رەمازانىيىيە، توي ياكى ئۆلۈم مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان بولسا، سۇرىيىيە ياكى مەرسىيە دېيىلىدۇ. قەسىدىلەر بەزىدە يەنە رادىپلىرىنىڭ نامى بىلەن سۇ قەسىدىسى، سۆزۈم قەسىدىسى دېگەن ناملار بىلەن ياكى قاپىيەسىنىڭ ئاخىرقى ھەرپلىرى بىلەن لامىيىيە، مىمىيىيە، ۋاۋىيىيە قەسىدىسى دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.[9]»

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قەسىدە تېمىسىدىكى شېئىرلار يازما ئەدەبىياتقا قەدەم قويغان دەسلەپكى چاغلاردىن باشلاپلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، قەدىمكى شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسى تەڭرىنى ئۇلۇغلاش، مەدھىيەلەش، تىلەك تىلەش مەزمۇنىدا يېزىلغان. گەرچە بۇ خىل شېئىرلار شەكىل (ۋەزىن ۋە قاپىيە) جەھەتتىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى قەسىدىگە ئوخشىمىسىمۇ، مەزمۇن ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن خېلى كۆپ ئورتاقلىققا ئىگە. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قەسىدە بىرقەدەر كۆپ يېزىلغان بولۇپ، مەۋلانا سەككاكىي، مەۋلانا لۇتفىي، ئەلىشىر نەۋايى، نەۋبەتىي، ناقىس، ھۈسەيىنخان تەجەللىي... قاتارلىقلار قەسىدە يازغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئەلىشىر نەۋايى «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»تا تونۇشتۇرغان شائىرلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ قەسىدە ياز-

غانلىقى مەلۇم. تەكشۈرۈشىمىزچە، «دىۋانى لۇتفىي»دا تۆت قەسىدە، «دىۋانى سەككاكىي»دا 13 قەسىدە، «بەدايىئۇل ـ ۋەسەت»تە بىر قەسىدە، «دىۋانى زەلىلىي»دا ئىككى پارچە قەسىدە،⑩ «دىۋانى نەۋبەتىي»نىڭ بېشىدا بىرقانچە تەۋھىد، نەئت ۋە مۇناجات تېمىسىدىكى قەسىدىلەر، «دىۋانى ناقىس»تا بىر مەرسىيە بار. كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ھۆسەيىنخان ئەكبەر تەجەللىينىڭ «مەجمۇئەتۇل ـ قەسائىد» ناملىق بىر قەسىدىلەر توپلىمىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. بۇنىڭدىن قارىغاندا، تەجەللىي ھازىرغىچە ئەسەرلىرى مەلۇم بولغان ئۇيغۇر شائىرلار ئىچىدە قەسىدە توپلىمى تۈزگەن بىردىنبىر شائىر بولۇشى مۇمكىن.⑪

18 ـ ئەسىردىن كېيىنكى شېئىرىيەتتە ھەجۋىيەلەر مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلەشكە باشلىغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، قەسىدە ژانىرىغا شېئىرىي مەكتۇپ، قارىلىقنامە قاتارلىقلارمۇ قوشۇلغان. يەنە ھەجۋىيەلەر مەسنەۋى ۋە مۇخەممەس شەكىللىرىدىمۇ يېزىلغان بولۇپ، ئىلگىرىكى بىرلا خىل شېئىرىي قېلىپتا يېزىشتىن كۆپ خىل شەكىلدە يېزىشقا ئۆتكەن⑫.

2. غەزەل: غەزەل كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ناھايىتى كۆپ يېزىلغان ژانىرلارنىڭ بىرى بولۇپ، كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك غەزەل يېزىپ باققان ۋە تۈزگەن دىۋانلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىمۇ غەزەلدىن تەشكىل قىلىنغان. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ: «يەنە گۈزەل شېئىرلارنى ئېيتقۇچى شائىرلارنىڭ چېچەنلىرى ۋە نازۇك رەقەملەرنى يازغۇچىلارنىڭ يېقىملىقلىرى ھەر تەرەپتىن ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى غەزەل ئۇسلۇبى بىلەن مەشغۇل ۋە ئېيتىلغان غەزەللىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇناسىپ ۋە مۇۋاپىقتۇر.»⑬

غەزەل ئەرەبچە سۆز بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى «قىزلارنىڭ كېچىلىك پارتىي ۋە ئۇلار سۆزلىگەن ھېكايە، ھەمدە قىزلار بىلەن مۇھەببەتلەشكەندىكى دېكلاماتسىيە»⑭ ياكى «سۆزلەشمەك، سۆيگۈ ئىزھار قىلماق»⑮ دېگەن مەنىلەردە دەپ كۆرسەتمەكتە. «ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە ئائىت كىتابلاردا يېزىلىشىچە، ‹ئاساسەن ئەرۇزدە يېزىلىشى، بىرىنچى بېيىتىنىڭ ئۆزئارا قاپىيەلىنىپ مەتلەئ، ئاخىرقى بېيىتىنىڭ مەقتەئ دەپ ئاتىلىپ، كۆپىنچە مەقتەئدە شائىرنىڭ نامى ياكى تەخەللۇسىنىڭ قەيت قىلىنىشى، مەتلەئ بىلەن مەقتەئ ئارىلىقىدىكى جۈپ مىسرالارنىڭ قاپىيەلىنىپ (مەتلەئدىكى قاپىيە ئىزچىللىشىپ) كېلىشى، ئۈچ بېيىتتىن كەم ۋە ئون توققۇز بېيىتتىن زىيادە بولماسلىقى ـــ غەزەل كومپوزىتسىيەسىنىڭ بەلگىلىرى»⑯. دېمەك، غەزەل ـــ بېيىتلاردىن تەركىب تاپىدىغان، ئەينى قاپىيە شەكلىدە ئىزچىل قاپىيەلىنىدىغان، ئارۇز ۋەزنىنىڭ خالىغان بەھرىلىرىدە يېزىشقا بولىدىغان لىرىك شېئىرنى كۆرسىتىدۇ. غەزەلنىڭ ئۆزئارا قاپىيەداش يېزىلغان بىرىنچى بېيىتى «مەتلەئ» دېيىلىدۇ، بۇ سۆز ئەرەبچە «تۇلۇئ» (مەنبۇى تۇغۇش، پەيدا بولۇش) سۆزىدىن تۇرلەنگەن بولۇپ، «باشلانما» دېگەن مەنىدە. «مەتلەئ»دىن كېيىنكى بېيىت «ھۆسنى مەتلەئ» دېيىلىدۇ. غەزەلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېيىتى «مەقتەئ» دېيىلىدىغان بولۇپ، بۇ سۆز «قەتئ» (كەسمە) سۆزىدىن تۇرلەنگەن بولۇپ، «تۈگەنچە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەقتەئنىڭ ئالدىدىكى بېيىت «ھۆسنىي مەقتەئ» دېيىلىدۇ. ھەربىر غەزەلدە مەتلەئ، ھۆسنىي مەتلەئ، مەقتەئ، ھۆسنىي مەقتەئ قاتارلىق تۆت بېيىت بولۇشى شەرت. شۇڭا، غەزەللەر ئادەتتە تۆت بېيىتتىن 15 بېيىتكىچە بولىدۇ. ئەمما بەزى ئەھۋالدا 15 بېيىتتىن ئارتۇق يېزىلغان غەزەللەرمۇ ئۇچرايدۇ. 15 بېيىتتىن ئېشىپ كەتكەن غەزەللەر «غەزەلىي مۇتەۋۋەل» (ئۇزارتىلغان غەزەل) دېيىلىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ غەزەللىرى كۆپىنچە يەتتە بېيىتتىن 13 بېيىتكىچە بولۇپ، بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

نەۋايى شىئرى توققۇز بەيتۇ ئون بىر بەيتۇ ئون ئۈچ بەيت،

كى لەۋھ ئۈزرە قەلەم زىينەت بىرۇر ئول دۇررى مەكنۇندىن.
بۇ كىم ئەلبەتتە يەتتى بەيتدىن ئۆكسۈك ئەمەس يەئنى،
تەنەززۇل ئەيلەي ئالماس رۇتبە ئىچرە يەتتى گەردۇندىن.[17]

ئەمما نەۋايىنىڭ بەزى دىۋانلىرىدا يەتتىدىن ئاز بېيىتلىك[18] غەزەللەرمۇ ئۇچرايدۇ. غەزەلنىڭ «مەقتەئ»سىدە شائىر ئۆز ئىسمىنى ياكى تەخەللۇسىنى يازىدۇ. ئەمما بەزى غەزەللەردە شائىر ئىسمى ياكى تەخەللۇسىنى يازمىغان ئەھۋالمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «نەۋادىرۇش ـ شەباب» ۋە «دىۋانى قەلەندەر»دىكى تۆۋەندىكى مەتلەئ بىلەن باشلانغان غەزەللەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر:

ئول ئاي فىراق ئىلە جىسمىم غەم ئەتسە نەيلەگەمەن
ۋىسالى غەير ئىچىن خورۇم ئەتسە نەيلەگەمەن[19]
«نەۋادىرۇش ـ شەباب»

تابەندە سىنەڭ قۇياشقە بەندەدۇرۇر
مەقسۇد مۇرادى بارچە يا بەندەدۇرۇر[20].
«دىۋانى قەلەندەر»

غەزەلدە مەتلەئ ئەڭ ھالقىلىق بېيىت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، شائىرلار غەزەل يازغاندا، ئالدى بىلەن يازماقچى بولغان تېما، ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇن، ۋەزىن ئۆلچىمى ۋە قاپىيەسى ھەققىدە ئەتراپلىق ئويلاشقاندىن كېيىن، ئەڭ دەسلەپ مەتلەئ بېيىتىنى يېزىپ چىقىدۇ، قالغان بېيىتلار شۇ ئاساستا قانات يايدۇرۇلىدۇ. شۇڭا، مەتلەئكە قاراپلا شېئىرنىڭ قانداق مەزمۇن، قانداق ۋەزىندە يېزىلغانلىقىنى، قاپىيەسىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەتلەئكە قاراپلا شائىرنىڭ بەدىئىي تالانتىغا دەسلەپكى قەدەمدە باھا بېرىشكە بولىدۇ[21]. غەزەلدە مەتلەئتىن مەقتەئكىچە بولغان بېيىتلار شەكىل (ۋەزىن، قاپىيە) ۋە مەنە (مەنتىق) جەھەتتىن ئىزچىللىقنى ساقلىشى كېرەك. نەۋايى «بەدايىئۇل ـ بىدايە»نىڭ دىباچىسىدە بۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ مۇنداق يازىدۇ: «يەنە بىرى شۇكى، باشقا دىۋانلاردا غەزەل ئۇسلۇبى ۋە ئادىتىدە شۇنداق رەسىم ـ قائىدە باركى، مەخسۇس تۇرلەردە سۆز كېلىنىنىڭ جىلۋىلىرىگە نەمايىش ۋە جەمالىغا زىننەت بەرمەيدۇ. ئەگەر ناگاھ مەتلەئ مەخسۇس تۇردە چىققان بولسا، ئۇ مەتلەئنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن ئاخىرلىشىش تونىنى ۋە تۈگەللىنىش لىباسىنى كىيدۈرمەيدۇ. بەلكى تۈگىگىچە بىر بېيىت مەزمۇنى ۋىسال باھارىدا گۈل تىزسا، يەنە بىر بېيىت پىراق خازانىدا غەم ـ قايغۇغا چۆكىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئۇلار مۇناسىۋەتتىن يىراق ۋە مۇلايىملىقتىن ئۇزاق كۆرۈندى. شۇڭا، ھەرقانداق مەزمۇندا مەتلەئ باشلانغان بولسا، مەقتەئكىچە سۈرەت ئېتىبارى ۋە مەنە تەرەپتىن بىردەك مۇۋاپىق چۈشۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى».[22]

غەزەلنىڭ ئەڭ ياخشى يېزىلغان بېيىتى «شاھ بېيىت» ياكى «بەيتۇل ـ غەزەل» دەپ ئاتىلىدۇ. «شاھ بېيىت» بەزى غەزەللەردە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، بەزى غەزەللەردە ئېنىق تاپقىلى بولمايدۇ. بەزى غەزەللەردە مەتلەئ ياكى مەقتەئ «شاھ بېيىت» بولۇشىمۇ مۇمكىن.

غەزەلنىڭ قاپىيەسى ئومۇمەن aa، ba، ca شەكلىدە بولىدۇ. غەزەلدە قاپىيەگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدۇ. مەتلەئ بېيىتىتىكى ئىككى مىسرا ئۆزئارا قاپىيەداش بولۇشى، قالغان ھەممە بېيىتلارنىڭ ئىككىنچى مىسراسى چوقۇم مەتلەئ بېيىتى بىلەن قاپىيەداش بولۇشى، كۆپ ھاللاردا بىر غەزەلدە ئوخشاش بىر سۆز تەكرار قاپىيەداش بولۇپ كەلمەيدۇ. ئەمما بەزىدە مەتلەئنىڭ بىرىنچى مىسراسىدىكى قاپىيە سۆ-

زى ئىككىنچى بېيىتتا تەكرار كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ.

شائىرلار بەزىدە مەتلەئ مىسرالىرىدىن بىرىنى غەزەلنىڭ ئاخىرىدا تەكرارلايدىغان بولۇپ، بۇنداق تەكرارلىق رەددى مەتلەئ (تەكرار مەتلەئ) دېيىلىدۇ. نەۋايىنىڭ «چەھار دىۋانى»دا رەددى مەتلەئتە كەلگەن غەزەللەرمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بىز تۆۋەندە يۇقىرىقى نۇقتىلار بويىچە نەمۇنە سۈپىتىدە نەۋايىنىڭ بىر غەزىلىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

مەتلەئ: يۈزى ئاللىدا گۈل نەززارە قىلدىم خۇب ئېمەس ئانچا
قەدى قاشىدا باقتىم سەرۋىغە مەرغۇب ئېمەس ئانچا

ھۇسنى مەتلەئ: ھەبىبىم ئىشقىدا دىۋانە بولغاندا پەرى داغى
كۆزۈمگە جىلۋە قىلدى بارلار مەھبۇب ئېمەس ئانچا

بولۇپمەن يارغا تالىب ۋە لېكىن جەۋرغە زاھىد
مۇنى مەن ئىستەمەسمەنكىم ماڭا مەتلۇب ئېمەس ئانچا

ئىتى ئۆلتۇرسە ھەم كۆپرەك ساغىنۇرمەن رەقىبىدىن
نېدىنكىم خاتىرىمدىن بۇ پەرى مەتلۇب ئېمەس ئانچا

مەي ئىچسەم بىھىساب ئەسكەرمەيىن كەۋسەر سۈيىن يوق ئەيب
فەنا كەسبىمدە بۇ ئاللىمدا چۇن مەھسۇب ئېمەس ئانچا

جۇنۇن كۆڭلۈمدە مەجنۇندىن ئېرۇر غالىبراق ئەي ئاقىل
تەئەققۇل ئەيلەسەڭ سەۋداغە بۇ مەغلۇب ئېمەس ئانچا

ئەگەر زۇھدى رىيايى ئەھلىدىن كۇفر ئەھلىنى كۆپرەك
ساغىنسام ئەيب ئېمەسكىم بۇ ماڭا مەنكۇب ئېمەس ئانچا

ھۇسنى مەقتەئ: كۆزۈم ئەشكىنى يوق لېكىن قۇرۇتماق بەھرىنى مۇمكىن
كى خىلقەت ۋەجھىدىن تەبئى مۇنۇڭ مەرتۇب ئېمەس ئانچا

مەقتەئ: نەۋايىغا كېرەكتۇر يار گۈل بۇلبۇلغا بولسۇنكىم
يۈزى ئاللىدا گۈل نەززارە قىلدىم خۇب ئېمەس ئانچا[23]

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، يۇقىرىقى غەزەل جەمئىي توققۇز بېيىت بولۇپ، غەزەلدىكى ھۇسنى مەقتەئ بولۇپ كەلگەن بېيىتنى يەنە «شاھ بېيىت» دەپ قارىساق بولىدۇ. غەزەلنىڭ مەتلەئسىنىڭ بىرىنچى مىسراسى بولغان «يۈزى ئاللىدا گۈل نەززارە قىلدىم خۇب ئېمەس ئانچا» دېگەن مىسرا مەقتەئنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدا تەكرارلانغان بولۇپ، بۇ دەل رەددى مەتلەئتۇر.

غەزەللەرنى تېمىسى، مەزمۇنى، قۇرۇلمىسى ۋە ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە ئوخشىمىغان تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن. قۇرۇلما ۋە ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ:

1) يەك ئاھاڭ غەزەل: «غەزەلدە بېيىت گۈزەللىكىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئەگەر بىر غەزەلدە بېيىتلار يالغۇز ۋەزىن ۋە قاپىيە جەھەتتىن ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپلا قالماي، مەنە جەھەتتىنمۇ بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق بولسا، يەنى پۈتۈنلەي بىرلا خىل مەزمۇن سۆزلەنگەن بولسا، بۇنداق غەزەللەر «يەك ئاھاڭ غەزەل» (مەزمۇنداش بېيىتلىك غەزەل، يەكپارە غەزەل) دېيىلىدۇ»[24]. نەۋائىينىڭ «بەدايىئۇل ـ ۋەسەت»تىكى تۆۋەندىكى مەتلەئ بىلەن باشلانغان غەزىلى مۇشۇ تۈردىكى غەزەللەرگە كىرىدۇ:

مەتلەئ: يىگىتلىكىمدە ئېدىم مۇبتەلا يىگىتلەرگە
قارىپ ھەم ئۆزنى تىلەرمەن فىدا يىگىتلەرگە[25]

2) يەك ئاۋاز غەزەل: غەزەلنىڭ ھەممە بېيىتلىرى بەدىئىي گۈزەللىك جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش بولسا، بۇنداق غەزەللەر يەك ئاۋاز غەزەل دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

قايسى تۇبى جىلۋەسى سەرۋى خىرامانىڭچە بار
قايسى كەۋسەرنىڭ زۇلالى ئابىھەيۋانىڭچە بار

غۇنچەدە گۇلبەرگىدەك تىل ژالەدەك تىش داغى يوق
دېسە بولغايمۇ ئانىڭىم لەئلى خەندانىڭچە بار

قايدا سۇنبۇلدىن نەسىم ئەسكەچ كىرەر جىسمىمغا رۇھ
كىم دېگەيمەن ئانىڭىم زۇلفى پەرىشانىڭچە بار[26]

3) مۇزەييەل غەزەل: «زەيل» سۆزى «تۆۋەندىكى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «مۇزەييەل غەزەل» دېگەندە شائىرلار تەخەللۇسىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىرقانچە بېيىتنى ئارتۇق يازغان غەزەللەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنى «ئۇزارتىلغان غەزەل» دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، نەۋائىينىڭ «غەرايىبۇس ـ سىغەر» دىۋانىدىكى تۆۋەندىكى مەتلەئ بىلەن باشلانغان غەزەلنى مۇشۇ تۈردىكى غەزەل دەپ قاراشقا بولىدۇ:

ساقىيا دەي شىددەتىدىن ئەقلۇ ھىس بىتاب ئېرۇر،
چارەسى جامى بۇلۇرىن ئىچرە لەئلى ناب ئېرۇر.[27]

...

ئەي نەۋايى گەر مۇھەييا تاپماساڭ ئەسبابى ئەيش،
غەم يېمە شەھ قۇللۇغى يوز ئەيش ئۇچۇن ئەسباب ئېرۇر.

ئول سەرەفرازىيكى ئالىي دەرگەھىنىڭ ھەيئەتى،
بارچا سەركەشلەرگە باش قويماق ئۇچۇن مىھراب ئېرۇر.

4) مۇلەممەئ غەزەل: «مۇلەممەئ» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «چاقناش، رەڭدار كۆرۈنۈش» دېگەن مەنىدە. مۇلەممەئ غەزەل دېگەندە، غەزەل بېيىتلىرى مىسرامۇ مىسرا ياكى بىر مىسرا ئىچىدە ئىككى ياكى ئۈچ

خىل تىلنى ئارىلاشتۇرۇپ يېزىلغان غەزەللەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇلەممەئ سەنئىتى بىر خىل بەدىئىي سەنئەت بولۇپ، بۇ خىل سەنئەت كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا كەڭ قوللىنىلغان. «مۇلەممەئ غەزەل» ئارىلاشما غەزەل ياكى قوش تىللىق غەزەلمۇ دېيىلىدۇ. ئۈرنەك:

دىلبەرى خۇش ئەدايى مەن مۇنچە چۈچۈك بولۇرمۇسەن
ئامەدە دەر كەنارى مەن بىر دەمى ئولتۇرۇرمۇسەن

فەسلى بەھار ۋەقتى گۈل لۇتفى ئېتىبان چەغىر ئىچىپ
ئاشىقى زارى خىش را لەھزە قوچۇپ ياتۇرمۇسەن

پېيشى كەمانى ئەبرۇيەت خەستە كۆڭۈل نىشانەدۇر
سىينەئى خۇد گۇشادە ئەم غەمزە ئوقىن ئاتۇرمۇسەن[28]

«دىۋانى گۇمنام»

ئەي سەرۋ قەدا لالە رۇخا شەمس ئۇزارا
ھەل يۇمكىنۇ مىن ئىشقىكە لىلخەلقى فىرارا[29]

خالىڭنى يۈزۈڭ ئۈستىدە كۆردۈمكى تىلەرمەن
مازاله ئەلەددەھرى مەئەللەيلى نەھارا[30]

«دىۋانى ناقىس»

5) مۇشتەرەك غەزەل: بىرلەشمە غەزەلمۇ دېيىلىدۇ. ئىككى شائىرنىڭ غەزەللىرى مىسرامۇمىسرا ياكى بېيتمۇبېيت ئارىلىشىپ كەلگەن غەزەللەردۇر. مەسىلەن، ئابدۇرەھمان جامىي بىلەن ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تۆۋەندىكى بېيتلىرى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر:

ئەي لەبەت پۇرخەندەۋۇ چەشمى سىياھەت مەستخاب[31]،
ئىككى زۇلفۇڭ ئارەسىدە ئاي يۈزۈڭدۇر ئافتاب.

مەستىيى مەي مېكۇنەد رۇيى تۇرا غەرقى ئەرەق[32]،
بادە ئىچسەڭ تۈكۈلۈر ئىككى قىزىل يۈزدىن گۇلاب[33]

6) مۇسەججەللىك غەزەل: مۇسەججەل — «مۇھۇرلەنگەن، قارار قىلىنغان؛ قەيت ئېتىلگەن» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، بۇ خىلدىكى غەزەللەردە بىر خىل ئالاھىدە قاپىيە ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. مەتلەئتىن كېيىن كەلگەن بېيتلارنىڭ ھەر ئىككى مىسراسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن سۆز بىرىنچى مىسراسىنىڭ ئاخىرىدىكى سۆز بىلەن قاپىيەداش بولۇپ كېلىدۇ. بۇ خىل قاپىيەلەش ئۇسۇلى قاپىيە سەنئەتلىرىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، مۇسەججەللىك قاپىيە دېيىلىدۇ. مۇسەججەللىك قاپىيە بىلەن يېزىلغان بۇنداق غەزەللەر «مۇسەججەللىك غەزەل» (ئىچ قاپىيەلىك غەزەل) دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەي يۈزى نەسرىن قامەتى شەمشاد،　　　ئىشۋەدە قادىر غەمزەدە ئۇستاد.

نېچە قىلۇرسەن[34] جانىما بىداد.
سەن كەبى پۇركار شىۋەسى بىسيار،
بىلمەدى ئەي يار ھېچ كىشى ياد.
جەۋردە نادىر زۇلمىدا ماھىر،

يار غەمىدىن ھەجر ئەلەمىدىن،
سەبر كەمىدىن نالەۋۇ فەرياد.
بابۇرى بىدىل ئەي بۇتى قاتىل،
جەۋرۇڭغە مايىل زۇلمۇڭغا مۇئتاد.[35]

7) مۇكەررەر غەزەل: ھەربىر مىسرا ياكى ھەربىر بېيىتنى بىرلىك قىلىپ ئەكس سەنئىتى قوللىنىلغان غەزەللەر «مۇكەررەر غەزەل» (ئەكس تەكرارلىق غەزەل) دېيىلىدۇ. بۇخىلدىكى غەزەللەر نىسبەتەن ئاز ئۇچرايدۇ[36]. مەسىلەن:

تىشىڭ دۇر لەبىڭ مەرجان خەدىڭ گۇل خەتىڭ رەيھان،
يۈزۈڭ ھۇر ساچىڭ ئەنبەر سۆزۈڭ مول مىڭىڭ مولتان.

مولتان مىڭىڭ سۆزۈڭ مول ئەنبەر ساچىڭ يۈزۈڭ ھۇر،
رەيھان خەتىڭ خەدىڭ گۇل مەرجان لەبىڭ تىشىڭ دۇر.[37]

8) مۇتەۋۋەل غەزەل: «تەۋىل» ئەرەبچە «ئۇزۇن» دېگەن مەنىدە بولۇپ، 15 بېيىتتىن ئېشىپ كەتكەن غەزەللەر «غەزەلى مۇتەۋۋەل» (ئۇزۇن غەزەل) دېيىلىدۇ. مەسىلەن، توققۇزدىكى مەتلەئ بىلەن باشلانغان غەزەللەر مۇشۇ تۈردىكى غەزەللەرگە كىرىدۇ:

زاھىد نېچۈك تىرىلگەي مەستانى يار ئىچىدە،
ئەسھابى كەھف يەتتىلىغ يار ئىلە غار ئىچىدە.[38]

«دىۋانى زەلىلىي»

مەھشەردە يۈزۈڭنى كۆرسە رەھمان،
قالۇر ئۆزى قۇدرەتىغە ھەيران[39]

«دىۋانى قەلەندەر»

بۇنىڭدىن باشقا يەنە غەزەللەرنى تېمىسى، مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تەئرىپ، تەۋسىپ، مەدھ، شەرھىھال ۋە مۇھاكىمە... تىپىدىكى غەزەللەر قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن. تەئرىپ تىپىدىكى غەزەللەردە مەھبۇبنىڭ ھۆسن ـ جامالى، خۇلقى قاتارلىقلار ھەر خىل بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تەسۋىرلىنىدۇ. تەۋسىپ تىپىدىكى غەزەللەردە گۈزەل سۈپەتلەر، ئىشق غەلىيانلىرى، تەبىئەت مەنزىرىلىرى قاتارلىقلار دېيىلىدۇ. شەرھىھال تىپىدىكى غەزەللەردە لىرىك قەھرىمان ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسى، ئەھۋالى، ھېس ـ تۇيغۇلىرى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ. مەدھ تىپىدىكى غەزەللەردە مەھبۇبنىڭ بارلىق قۇدرەت، پەزىلەتلىرى ۋە گۈزەللىكى ماختىلىدۇ. مۇھاكىمە تىپىدىكى غەزەللەردە بولسا شائىر مەلۇم ئوبيېكت، زامان ۋە رىئاللىق ئۈستىدىكى شىكايەت، تەۋسىيە ۋە قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. غەزەللەرنىڭ تېما جەھەتتىكى تىپلىرى بۇلارلا ئەمەس. غەزەللەرنىڭ تېماتىك دائىرىسى ۋە تەسۋىرىي يوللىرى تولىمۇ كەڭ، تۈرلىرى ھەر خىل.

غەزەل ژانىرى ئەڭ دەسلەپ قەسىدە ژانىرى ئىچىدىكى بىر تۈر بولۇپ، «ئىران ئىلىم ساھەسىدە ئو-

مۇمېيۇزلۇق ھالدا غەزەلنى قەسىدىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ».[40] ئومۇمەن، تۈركىي تىلىدىكى شېئىرىيەتتە ئەڭ دەسلەپكى غەزەل 12 ـ ئەسىردە ياشىغان مۇتەسەۋۋۇپ شائىر ئەھمەد يەسسەۋىي (1086 ـــ 1166)نىڭ دىنىي تەسەۋۋۇپىي غەزەللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىلادىيە 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن شائىرلاردىن ئاتائىي، سەككاكىي، لۇتفىي، گەدائىي قاتارلىقلار غەزەل ژانىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. غەزەل ئەلىشىر نەۋايى ۋە بابۇر قاتارلىق شائىرلار بىلەن ئۆزىنىڭ كىلاسسىك دەۋرىنى ياراتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەزەل ژانىرى شېئىرىيىتىمىزدىكى ئەڭ ئومۇملاشقان بىر ژانىر سۈپىتىدە ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلدى.[41]

3. مۇستەھزاد: مۇستەھزاد كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە كۆپ قوللىنىلغان شەكىللەرنىڭ بىرى. «مۇستەھزاد» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئارتۇق، زىيادە» دېگەن مەنىلەردە. ئۇنىڭ كۇپلېتلىرى ئۇزۇن ـ قىسقا تۆت مىسرادىن تۈزۈلىدىغان بولۇپ، بىرىنچى، ئۈچىنچى مىسرالىرى ئۇزۇن، ئىككىنچى، تۆتىنچى مىسرالىرى قىسقا جەمئىي تۆت مىسرادىن تەركىب تاپىدۇ. مۇستەھزادنىڭ ئۇزۇن مىسرالىرىمۇ ئۆز ئالدىغا، قىسقا مىسرالىرىمۇ ئۆز ئالدىغا قاپىيەداش بولۇپ كېلىدۇ. مۇستەھزادتا قىسقا مىسرالار ئۇزۇن مىسرالارنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ، كۈچەيتىپ بېرىدۇ ۋە شېئىر ئاخىرلاشقۇچە شۇ خىلدا داۋام قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇن مىسرالىرىنى قىسقا مىسرالىرىدىن ئايرىپ قارىغاندا، ئۇ مەسنەۋى ياكى غەزەل شەكلىنى ئېلىپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۇرالايدۇ. تەكتىلەشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، مۇستەھزاد ژانىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى بولسا، ئۇ مەخسۇس ۋەزنىگە ئىگە بولۇپ، بۇ ھەقتە ئەلىشىر نەۋايى مۇنداق يازىدۇ: «ۋە يەنە بۇ خەلق ئاراسىدا بىر سۇرۇد بار ئىكەندۇركىم ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى... ۋەزنىدە ئاڭا بەيت باشلاپ بېيىتىپ، ئانىڭ مىسرائىدىن سوڭرا ھەمۇل بەھرىنىڭ ئىككى رۇكنى بىلە ئادا قىلىپ سۇرۇد نىغاماتىغا راست كەلتۇرۇرلەر ئەرمىش ۋە ئانى ‹مۇستەھزاد› دەرلەر ئەرمىش».[42] دېمەك، مۇستەھزادنىڭ ۋەزىن شەكلى مۇنداق:

— —V / V— —V / V— —V / V— —
— —V / V— —

ئۇزۇن مىسراسىنىڭ: مەفئۇلۇ، مەفائىيلۇ، مەفائىيلۇ، فەئۇلۇن
قىسقا مىسراسىنىڭ: مەفئۇلۇ، فەئۇلۇن
(يەنى: ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇفى مۇستەھزاد.)

ئەلىشىر نەۋايى ئۆز دىۋانىدىكى لىرىك ژانىرلار قاتارىدا مۇستەھزادنى «... كۆڭۈلگە يېقىملىق مۇستەھزادلارنىڭ بارچىسىنىڭ سۈپەتلىرى خەتتىن زىيادە...»[43] دەپ سۈپەتلەيدۇ. «چەھار دىۋان»دىكى ھەربىر دىۋاندا مۇستەھزادلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، تۆۋەندە بىز نەمۇنە سۈپىتىدە «فەۋايىدۇل ـ كىبەر»دىكى مۇستەھزادنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

باردىم بۇ سەھەر دەيرى فەنا سارى ئۇرۇپ گام
مەخمۇرى شەبانە
تارتاي ئېدى ھەر لەھزە سەبۇھ ئەھلى ئىچىپ جام
ناقۇس مۇغانە
كىم دەيرى خەرابات ئاراكىم بار ئېسە مەخمۇر
قوپتىڭ داغى بولدۇڭ

www.uyghurkitap.com

ئىچمەككە سەبۇھ ئەھلىغە بىر بادەئى گۇلفام
بۇ سارى رەۋانە
بەزم ئورتاسىدا پىرى خەراباتغا مەسكەن
لېكىن ئاڭا ساقىي
بىر مۇغبەچە نى مۇغبەچەكىم ئافەتى ئىسلام
ئاشۇبى زەمانە
ھەر يانكى باقىپ خەلققە ھەيرەت ئوتى ياقىپ
ئاتەشكەدەئى ئىشق
جانلاردىن ئۇرۇپ چۈنكى قىلىپ جامى مەي ئاشام
يۈز شۇئلە زەبانە
بەزم ئىچرە نەچە تۈرفە مۇغەننىي بارىي دىلكەش
لېكىن بارىي تەرسا
ھەم نەغمەلەرى ئالىبان ئەل كۆڭلىدىن ئارام
ھەم چەنگى چەغانە
مەن تەلبەنى بىر جام بىلە ئەيلەدىلەر مەست
نى مەستكى بىھۇش
ئاندىن بىرى بولدۇم بۇ كوھەن دەيرىدە بەدنام
ئىشق ئىچرە فەسانە
ئىش يەتتى چۇ بىر يەرگە نەۋايى يانا زىنھار
دەم ئۇرما ۋەرەئىدىن
ئاشىق دېسەلەر ئۇن بەرۇ مەي تۇتسالار ئال كام
كۆپ قىلما بەھانە[44]

4. مەسنەۋى: مەسنەۋى بېيىتنى ئاساس قىلغان ئايرى قاپىيەلىك شېئىرىي شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر بېيىتىدىكى مىسرالار ئۆز ئالدىغا قاپىيەلىك بولىدۇ. بېيىتلار ئارىسىدىكى قاپىيەلەر تەكرارلانمايدۇ (بەزى ئەھۋالدا تەكرارلىق كۆرۈلۈشىمۇ مۇمكىن)، ئۇنىڭ قاپىيە شەكلى بولسا aa، bb، cc دىن ئىبارەت.

مەسنەۋى ژانىرىنىڭ قۇرۇلما ۋە قاپىيە ئالاھىدىلىكلىرى چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي ئەسەرلەرنى يېزىشقا مۇۋاپىق كەلگەنلىكى ئۈچۈن، شەرق ئىسلام ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇ ژانىر قوللىنىلىپ، چوڭ تىپتىكى تارىخىي ئەسەرلەر ۋە داستانلار مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن. پارس ئەدەبىياتىدىكى فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە»، جالالىددىن رۇمىينىڭ «مەسنەۋى»، نىزامى گەنجىۋىينىڭ «خەمسە» قاتارلىق ئەسەرلەر، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «خەمسە»، ئابدۇللا خەراباتىينىڭ «مەسنەۋىيى خەراباتى»، نىزارىي داستانلىرى، موللا بىلالنىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن»، «چاڭموزا يۈسۈپخان» قاتارلىق داستانلار شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مەسنەۋى ژانىرى دىداكتىك شېئىرىي ئەسەرلەرنى يارىتىشقا مۇۋاپىق كەلگەنلىكى ئۈچۈن، مەسنەۋى ژانىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەدەبىياتتىكى داستانچىلىق، جۈملىدىن ئېپىكىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭلاشقا، دىداكتىك ئەنئەنىسى كۈچلۈك بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، داستانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شائىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاساسەن مەسنەۋى ژانىرىدا چوڭ ھەجىملىك ئەسەر-

لەرنى يازغان ياكى مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىدە بۇ ژانىرنى قوللانغان. بۇلار ئۇچۇن يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغانلاردىن باشقا يەنە لۇتفىي، ھىرقەتىي (گۇمنام)، زەلىلىي، موللا ئەلەم شەھيارى، موللا شاكىر... قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش مۇمكىن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەلىشىر نەۋايى بۇ ژانىرنى قوللىنىپ، شەرق ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەر «خەمسە»نى يېزىپ چىقتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇ يەنە دىۋانلىرىنى مەخسۇس مۇشۇ ژانىردا يازغان بولۇپ، «بەدايىئۇل - بىدايە»نىڭ دىباچەسىدە ئۇ مەسنەۋى، قەسىدىلىرىدىن خەۋەر بېرىپ، «...تەڭرى خالىسا ئۇلار ھەرقايسىسى ئايرىم كىتاب بولغۇسى...»[45] دەپ يازىدۇ. تۆۋەندە ئۇلگە سۈپىتىدە نەۋايىنىڭ «غەرايىبۇس - سىغەر» دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن «سەييىد ھەسەنغە بىتمەك ۋە سەفەر بائىسىن دېمەك» تېمىسىدىكى مەسنەۋىسىنىڭ بىرنەچچە بېيىتىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

سەنا ھەققەكىم كاشفى ھال ئېرۇر　　ھەزەر ئىچرە بىچارەلەر ياۋەرى
خىرەد مۇشكىلاتىغا ھەللال ئېرۇر　　سەفەر ئىچرە ئاۋارەلەر راھبەرى

ئەلىمىكى يوقتۇر بىدايەت ئاڭا　　نې سالىككەكىم دەشت ئېتىپ جىلۋەگاھ
ئەزىمىكى يوقتۇر نىھايەت ئاڭا　　تەۋەككۇلنى ئەيلەپ ئاڭا زادى راھ[46]

**5**. رۇبائىي: رۇبائىي ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كەڭ ئومۇملاشقان شېئىرىي ژانىرلارنىڭ بىرى. رۇبائىينىڭ باشقا شېئىرىي شەكىللەردىن پەرقلىنىدىغان ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ خاس ۋەزنىگە ئىگە بولغانلىقىدۇر. «رۇبائىينىڭ ۋەزنى ھەزەج بەھرىنىڭ ئاساسىي رۇكنى بولغان ‹مەفاعيلن›نىڭ ئەخرەب ‹مفعولُ› ۋە ‹ئەخرەم ‹مفعولن› زىھافلىرىدىن بارلىققا كېلىدۇ»[47]. ئەلىشىر نەۋايى «مىزانۇل - ئەۋزان»دا رۇبائىي ژانىرىنىڭ ۋەزنى ۋە ئېنىقلىمىسى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «رۇبائىي ۋەزنىكىم ئانى ‹دۇ بەيتى› ۋە ‹تەرانە› ھەم دەرلەر. ھەزەج بەھرىنىڭ ‹ئەخرەم› ۋە ‹ئەخرەبى› دىن ئىستىخراج[48] قىلىپدۇرلار ۋە ئول ۋەزندۇركىم ئاسرۇ خۇش ئايەندە[49] ۋە نەزمىدۇر بەغايەت رەبايەندە[50]. شېئىر ئەۋزانىدىن ئۇشبۇ ۋەزندۇركىم نەزم ئۇستادلارى ئاڭا ھەددى مۇئەييەن[51] قىلىپدۇرلار ۋە غايەت لەتافەتىدىن[52] ئىككى بەيتغە ئىختىسار قىلىپدۇرلار[53] ۋە ئول يىگىرمە تۆرت نەۋئ كېلىپتۇر ۋە مەجمۇئى ئىككى قىسىمغە مۇختەسەردۇر»[54].

نەۋايىنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدىن رۇبائىي ژانىرى ھەققىدە مۇنداق بىرقانچە نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش مۇمكىن: بىرىنچى، رۇبائىي يەنە «دۇ بەيتى» ياكى «تەرانە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى، رۇبائىي خاس ۋەزنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ چوڭ جەھەتتىن ھەزەج بەھرىنىڭ ئەخرەم ۋە ئەخرەبىدىن ئىبارەت ئىككى خىل زىھافنىڭ 24 خىل تۈرىدە يېزىلىدۇ. ئەگەر مۇشۇ ۋەزىن ئۆلچىمىگە چۈشمىسە، ئۇ رۇبائىي بولمايدۇ. ئۈچىنچى، رۇبائىينىڭ خاس ۋەزنى تولىمۇ يېقىملىق ۋە جەزبىدار بولغانلىقتىن نەزم ئۇستازلىرى جۈملىدىن شائىرلار رۇبائىينى مۇشۇ ۋەزىندە يېزىشقا ئىختىيار قىلىشقان ۋە بىرلىككە كېلىشكەن. تۆتىنچى، رۇبائىي ئىككى بېيىتتىن تەركىب تاپىدۇ.

رۇبائىينىڭ ۋەزنى ۋە ئېنىقلىمىسى ھەققىدە نەۋايىدىن باشقا يەنە بابۇر قاتارلىق ئەدەبىيات نەزەرىيەچىلىرىمۇ مەخسۇس توختالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىمۇ نەۋايىنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش[55]. رۇبائىينىڭ قاپىيە شەكلى ئىككى خىل بولۇپ، بىرسى تۆتىلا مىسرا ئۆزئارا قاپىيەداش بولۇپ كەلگەن شەكلى، يەنە بىرسى 1 -، 2 - ۋە 4 - مىسرالىرى ئۆزئارا قاپىيەداش، 3 - مىسراسى ئەركىن ھالەتتە كەلگەن شەكلىدىن ئىبارەت. رۇبائىينىڭ تۆتلا مىسراسى ئۆزئارا قاپىيەداش شەكلى نىسبەتەن ئاز ئۇچرايدۇ. نەۋايىنىڭ زاماندىشى، تارىخچى خاندەمىر نەۋايى رۇبائىيلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، مۇنداق يازىدۇ: «ئەمىرنىڭ گۈزەل سۈپەتلىك كىتابلىرىدىن بىرى ‹چېھەل رۇبا-

ئىي›دۇركىم، بۇ كىتاب ‹چىھل ھەدىس›نىڭ تەرجىمىسىدۇر. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىككى يۈز ئاتمىش رۇبائىيدىن تەركىب تاپقان بىر كىتابى باردۇر. ئۇنىڭ ھەر تۆت مىسراسى قاپىيەلىكتۇر. ... نەۋايىغىچە تۆت مىسرانى قاپىيەلىك ۋە رادىفلىق قىلىپ رۇبائىي يېزىش تۈركچىدە كۆرۈلمىگەنلىكى مەلۇم»[56].

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، رۇبائىي ھەزەج بەھرىنىڭ ئەخرەب، ئەخرەمدىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈرىدە جەمئىي 24 خىل ۋەزىندە يېزىلىدىغان بولۇپ، ئەلىشىر نەۋايى «مىزانۇل ـ ئەۋزان»دا بۇ 24 خىل ۋەزىنلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم كۆرسەتكەن ۋە كونكرېت ئۆلگىلەرنى بەرگەن[57]. تۆۋەندە بىز رۇبائىينىڭ 24 خىل ۋەزنى ۋە ھەربىر ۋەزىن ئۈچۈن بىردىن مىسرانى قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

ئەخرەب تارمىقى

(1) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب، مەقبۇز، سالىم، ئەزەل:

(مفعولُ / مفاعلن/ مفاعيلن/ فاع)

نامەڭكى تىرىكلىكىمدىن ئۇلدۇر مەتلۇب[58]

(2) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب، مەقبۇز، سالىم، ئەبتەر

(مفعولُ / مفاعلن/ مفاعيلن/ فع)

يا رەبكى ئەجابەت ئەيلەگىل ھەر يا رەب[59]

(3) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب، مەقبۇز، مەكفۇف، ئەھتەم:

(مفعولُ / مفاعلن/ مفاعيلُ / فعول)

ئىنسافۇ ئەدالەتۇ سەلاھ ئەتسە شىئار[60]

(4) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب، مەقبۇز، مەكفۇف، مەجبۇب:

(مفعولُ / مفاعلن/ مفاعيلُ / فعل)

ھەسرەت سۇيىدىن كۆزۈمدە ياشىمنىمۇ دەي[61]

(5) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب، سالىم، ئەخرەب، ئەھتەم:

(مفعولُ / مفاعيلن/ مفعولُ / فعول)

ساۋۇغدا يەرى بۇ تاغنىڭ جەۋفىدە غار[62]

(6) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب، سالىم، ئەخرەب، مەجبۇب:

(مفعولُ / مفاعيلن/ مفعولُ / فعل)

تەن ئۇلسا غەمىڭ ئىچرە جانىڭغا فىدا[63]

(7) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب، سالىم، مۇخەننەق، ئەزەل:

(مفعولُ / مفاعيلن/ مفعولن/ فاع)

ئەي سەندىن ئۇلۇپ باغرىم ھەم كۆكسۇم داغ[64]

(8) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب، سالىم، مۇخەننەق، ئەبتەر

(مفعولُ / مفاعيلن/ مفعولن/ فع)

بىر لەھزە كۆڭۈل سەنسىز ھالىن بىلمەس[65]

(9) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب، مەكفۇف، سالىم، ئەزەل:

(مفعولُ / مفاعيلُ / مفاعيلن/ فاع)

رۇخسارى ئۇزە خاللارىن ئول دىلبەند[66]

(10) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب، مەكفۇف، سالىم، ئەبتەر:
(مفعولُ / مفاعيلُ / مفاعيلن/ فع)
دەۋران ئېلىنىڭ جىسمىدا ھەم جان بولغىل[67]
(11) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب، مەكفۇف، ئەھتەم:
(مفعولُ / مفاعيلُ / مفاعيلُ / فعول)
كۆزلەردە نەزەر داغى ھەرام ئولدى ھەرام[68]
(12) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب، مەكفۇف، مەجبۇب:
(مفعولُ / مفاعيلُ / مفاعيلُ / فعل)
مەسجىدقە نېچە ئەھلى رىيادەك يېتەيىن[69]

ئەخرەم تارمىقى

(1) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، ئەشتەر، سالىم، ئەزەل:
(مفعولن/ فاعلن/ مفاعيلن/ فاع)
كۆڭلۈم سەيدى ئۈزۈپ ئۈلۈستىن پەيۋەند[70]
(2) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، ئەشتەر، سالىم، ئەبتەر:
(مفعولن/ فاعلن/ مفاعيلن/ فع)
يا رەب مەندە نې ياخشى تالىئ باردۇر[71]
(3) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، ئەشتەر، مەكفۇف، مەجبۇب:
(مفعولن/ فاعلن/ مفاعيلُ / فعل)
خۇشتۇر بولساق ئىكەۋلە ھەمدەم سەنۇ مەن[72]
(4) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، ئەشتەر، مەكفۇف، ئەھتەم:
(مفعولن/ فاعلن/ مفاعيلُ / فعول)
ھەم جەۋرى ئەسلى ئەل ئارا كەلدى ھەرام[73]
(5) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، مۇخەننەق، ئەخرەب، مەجبۇب:
(مفعولن/ مفعولن/ مفعولُ / فعل)
مىڭ قەتلە شۈكرىن دېسەم ئاز ئېرۇر[74]
(6) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، مۇخەننەق، ئەخرەب، ئەھتەم:
(مفعولن/ مفعولن/ مفعولُ / فعول)
يا رەب نې ئافەتدۇر ئول ھۇسنۇ جەمال[75]
(7) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، مۇخەننەق، ئەزەل:
(مفعولن/ مفعولن/ مفعولن/ فاع)
ئەي سەنسىز ئۆمرۈمدىن ئاسايىش يوق[76]
(8) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، مۇخەننەق، ئەبتەر:
(مفعولن/ مفعولن/ مفعولن/ فع)
ئەي مەھۋەش ئۆتكەي بۇ سەركەشلىك ھەم[77]
(9) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، ئەخرەب، سالىم، ئەبتەر:
(مفعولن/ مفعولُ / مفاعيلن/ فع)
ئەي كىم ئالەم شەھلەرى شاھى سەن سەن[78]

(10) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، ئەخرەب، سالىم، ئەزەل:
(مفعولن/ مفعولُ / مفاعيلن/ فاع)
مەن ھەم قىلدىم جانۇ كۆڭۈلنى ئىرسال[79]
(11) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، ئەخرەب، مەكفۇف، مەجبۇب:
(مفعولن/ مفعولُ / مفاعيلُ / فعل)
مەئمۇر ئەتكەن نەفسى دەغانىمۇ دەيىن[80]
(12) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، ئەخرەب، مەكفۇف، ئەھتەم:
(مفعولن/ مفعولُ / مفاعيلُ / فعول)
بۇلبۇل يوق گۈللار نىمە ئەفغان قىلادۇر[81]

رۇبائىينىڭ تۆتىلا مىسراسى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن 24 خىل ۋەزىننىڭ خالىغان بىرىدىلا يېزىلىشىمۇ ياكى تۆت مىسراسى ئايرىم ـ ئايرىم تۆت خىل ۋەزىندە يېزىلىشىمۇ بولىدۇ. ئومۇمەن، رۇبائىينىڭ ھەزەج بەھرىنىڭ ئەخرەب ۋە ئەھرەم زىھافلىرى ئاساسىدىكى 24 خىل ۋەزىندە بولۇشى بۇ شېئىرىي شەكىلنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان شەرتىدۇر. رۇبائىيدا ئۆزىنىڭ قىسقا بولۇشىغا قارىماي، مۇئەييەن تېمىدا مۇكەممەل بىر پىكىرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

**6.** تۇيۇق: تۇيۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى قوشاقلار بىلەن يېقىن بولۇپ، ئەلىشىر نەۋايىمۇ «مىزانۇل ـ ئەۋزان»دا بۇ شېئىرىي شەكىلنى قوشاق بىلەن ئىلگىرى ـ ئاخىر بايان قىلىدۇ. تۇيۇق يەنە شېئىرىي شەكىللەر ئىچىدىكى رۇبائىي، تۆتلۈك، ئۆلەڭ، دۇبەيتى قاتارلىقلار بىلەنمۇ شەكىل جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ.

تۇيۇق ـــ «تۇيماق»، «تۇيۇۋالماق» دېگەن پېئىلدىن ياسالغان ئىسىم بولۇپ، ئەرەب تىلىدا «مۇختەمىلات» دەپ ئاتىلىپ، «ئارىلاشتۇرۇلغان، يۇكلەنگەن» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ يەنە ئەرەب تىلىدا «تەجنىس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ[82]. تەجنىس ـــ شەكىلداش سۆز دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەدەبىياتتا شەكىلداش سۆزلەر ئارقىلىق سۆز ئويۇنى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، تۇيۇق ئىككى بېيىتتىن تەركىب تاپقان، شەكىلداش ياكى ئاھاڭداش سۆزلەرنى قاپىيەلەش ئارقىلىق ئۇلاردىن مەجازىي ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلىنىلىدىغان، تولۇق ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرگە ئىگە شېئىرىي شەكىلدىن ئىبارەت. تۇيۇقنىڭ كۆپىنچە 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ مىسرالىرى ئۆزئارا قاپىيەداش بولىدۇ، بەزىدە ھەممە مىسرالىرى، يەنە بەزىدە 1 ـ، 2 ـ ياكى 2 ـ، 4 ـ مىسرالىرى قاپىيەداش بولۇپمۇ كېلىدۇ. تۇيۇقنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى ئۇنىڭ خاس ۋەزنى بولۇپ، بۇ ھەقتە نەۋايى «مىزانۇل ـ ئەۋزان»دا مۇنداق يازىدۇ: «بىرىسىكىم ‹تۇيۇغ›دۇركىم، تەجنىس ئايتىلغاي ۋە ئول ۋەزنى رەمەلى مۇسەددەسى مەقسۇردۇر، مۇنداقكىم:

يا رەب ئول شەھدۇ شەكەر يا لەبمۇدۇر؟
يا مەگەر شەھدۇ شەكەر يالەبمۇدۇر؟
جانىما پەيۋەستە ناۋەك ئاتقالى
غەمزە ئوقىن قاشىغا يالەبمۇدۇر؟
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلان
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلان[83].

دېمەك، تۇيۇقنىڭ ۋەزنى «رەمەلى مۇسەددەسى مەقسۇر ۋە مەھزۇف» (فائىلاتۇن، فائىلاتۇن، فائىلان

ۋە فائىلۇن) بولۇپ، بۇ تۇيۇقنىڭ مۇھىم شەرتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تۇيۇقنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭدا ئاھاڭداش ياكى شەكىلداش سۆزلەرنىڭ قاپىيەلىنىشى بولۇپ، بۇ تۇيۇقنىڭ ئەقەللىي تەلىپى. بۇ ھەقتە نەۋايى «مۇھاكىمەتۇل ـ لۇغەتەين»دە چاغاتاي تۈركچىسى بىلەن پارس تىلىنى سېلىشتۇرۇپ، چاغاتاي تۈركچىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى قاتارىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەردىن پايدىلىنىپ تەجنىس ھاسىل قىلىشنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پارس تىلىدا سۆز يېتىشمەسلىك ئەھۋالى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلارنى بىر ـ بىردىن ئېيتىشقا توغرا كەلسە گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. تەجنىس ۋە ئىيھامدىن پايدىلىنىش شائىر ـ ئەدىبلەر ئۈچۈن ناھايىتى ئومۇمىي بىر ئەھۋال. شېئىرگە ئالاھىدە رەڭ بېرىدىغان بۇ خىل سۆز سەنئىتى ئۈچۈن پارس تىلىغا قارىغاندا تۈركىي تىلىدا ئىمكانىيەت تېخىمۇ كۆپ. مەسىلەن، «ئات» سۆزىنى بىرىنچىدىن «نام» مەنىسىدە، ئىككىنچىدىن «مىنىدىغان ئات» مەنىسىدە، ئۈچىنچىدىن تاشنى ياكى ئوقنى ئېتىشقا بۇيرۇغاندىكى «ئات» مەنىسىدە قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇ سۆز شېئىردا مانا مۇنداق قوللىنىلغان:

چۇن پەرىيۇ ھۇردۇر ئاتىڭ بېگىم،
سۇرئەت ئىچرە دىۋ ئېرۇر ئاتىڭ بېگىم.
ھەر خەدەنگكىم ئۇلۇس ئاندىن قاچار،
ناتەۋان جانىم سارى ئاتىڭ بېگىم.

بۇ ئىككى بېيىت تولۇق تەجنىس بولۇپ، بۇنى پەقەت تۈركىي شائىرلارلا يازالايدۇكى، سارتلار يازالمايدۇ. بۇ خىل شېئىرىي شەكىل «تۇيۇغ»دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئارۇز توغرىسىدىكى «مىزانۇل ـ ئەۋزان» ناملىق كىتابتا چۈشەنچە بېرىلگەن»[84].

دېمەك تۇيۇق ژانىرى يۇقىرى بەدىئىي تالانت، قاپىيە سەنئىتى، سۆز ۋە ئارۇز ماھارىتى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، تۇيۇق يېزىش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك ئىلىم ۋە ماھارەتلەردە يۇقىرى كامالەتكە يېتىش مۇھىم شەرت بولغاچقا، ئەدەبىيات تارىخىمىزدا بۇ ژانىر بويىچە ئىجاد قىلغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. ئەڭ ۋەكىللىكلىرىدىن لۇتفىي، نەۋايى، بابۇر قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. لۇتفىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ھازىرغىچە مەلۇم بولغان شائىرلار ئىچىدە ئەڭ كۆپ تۇيۇق يازغان شائىر بولۇپ، نەۋايى ئۇنىڭ تىل ماھارىتى ۋە سۆز بايلىقى جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»تا «مەلىكۇل كەلام» (سۆز پادىشاھى) دەپ تەرىپلەيدۇ.

7. فەرد: «فەرد» تاق، يېگانە دېگەن مەنىدە بولۇپ، شېئىرىيەتتە بىرلا بېيىتتىن تەشكىل تاپقان شېئىرىي شەكىل فەرد دېيىلىدۇ.

تەمەئ ئەتمە كۆپ ئەرسە ھەم مالى
كۆرمەيىن ھەق خەزىنەسىن خالى[85]

فەردنىڭ قاپىيە شەكلى ئىككى خىل بولۇپ، بىرىنچى خىل قاپىيە شەكلىدە ھەر ئىككى مىسرا قاپىيەلىنىپ كېلىدۇ، ئىككىنچى خىل شەكلى بولسا قاپىيەسىز شەكلى بولۇپ، قاپىيەدىن ئازاد شەكىلدە بولىدۇ. فەردلەر تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل شارائىتتا يېزىلىدۇ. بىرىنچىسى، شائىرلار كۆڭلىدىكى كۈچلۈك ئىلھامنى بىرلا بېيىتقا يىغىنچاقلاپ فەرد يازىدۇ. ئىككىنچىسى، ئاپتور بىرەر چوڭ ھەجىملىك ئەسەر يېزىۋاتقاندا ئەڭ مۇھىم دەپ قارىغان ياكى خۇلاسە شەكلىدىكى ئوي ـ پىكرىنى بىرلا بېيىتقا يى-

غىنچاقلاپ ئىپادىلەيدۇ. ئۈچىنچىسى، بەزى پىشقان ئەدەبىياتشۇناسلار مەلۇم بەدىئىي سەنئەت، قاپىيە سەنئىتى ياكى ئارۇز ئۆلچىمىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن فەرد ئىجاد قىلىدۇ. تۆتىنچىسى، ئاپتورلار دىداكتىك خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان نەسرىي ئەسەرلەرنى يېزىۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ نۇقتىلىق پىكىرلىرىنى فەرد شەكلىدە ئىپادە قىلىپ، ئەسەرنىڭ ئارىسىغا قىستۇرىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقىدەك ئالاھىدە شارائىتلارنىڭ مەھسۇلى بولغان فەردلەر ھەرقايسى جەھەتتىن ئىنتايىن ئۇتۇقلۇق چىقىدىغان بولۇپ، ئۇنى گۈزەل بېيىتلار دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. نەۋايى بۇ ھەقتە ئۆز فەردلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ مۇنداق يازىدۇ: «تەڭداشسىز فەردلەرنىڭ ھەممىسى شېرىن ۋە راۋانلىقتا يېگانە».[86]

**8. قىتئە:** «قىتئە»نىڭ لۇغەت مەنىسى «پارە» دېگەنلىك بولۇپ، غەزەل ياكى قەسىدىدىن پارچىلاپ ئېلىنغان، كۆپىنچە ئىككى ـ ئۈچ بېيىت، بەزى ئەھۋاللاردا ئۇنىڭدىن ئارتۇق بېيىتتىن تەركىب تاپىدىغان كىچىكرەك ھەجىمدىكى شېئىرىي شەكىلنى كۆرسىتىدۇ. قىتئەنىڭ قاپىيە شەكلى بولسا ھەربىر بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسراسى ئۆزئارا قاپىيەداش بولىدۇ. يەنى ab, cb شەكلىدە.

قىتئەلەردە ئايرىم ئىنچىكە مەنىلەر، روھىي كەچۈرمىشلەر، پىكىر ۋە مۇلاھىزىلەر ئىخچام ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ شائىرلار قىتئەلەر ئارقىلىق ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ۋە ئەقلىي چۈشەنچىلىرىنى ئىخچام بايان قىلغان. نەۋايى قىتئەلىرىنى «پايدىلىق قىتئەلەر ھەممىسى مەنپەئەتلىك»[87] دەپ سۈپەتلەيدۇ. قىتئەلەرگە بەزىدە شۇ قىتئە مەزمۇنىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئىخچام ئىپادىلەيدىغان ماۋزۇلار قويۇلغان بولىدۇ. مەسىلەن:

ماۋزۇ: يامان يامانلىغىنى قىلماسا ياخشىلىقچە بار ۋە بىر ياخشىلىغ قىلسا ئون ياخشىلىقچە بار

ھەر كىشىكىم تاپسا دەۋران ئىچرە جاھۇ ئىئتىبار
كىم ئانىڭ زاتىدا بىدادۇ ستەم بولغاي قىلىغ
ياخشىلىغ گەر قىلماسا بارىي يامانلىغ قىلماسا
ياخشىلىق بىر قىلسا ھەم قىلغانچا بار ئون ياخشىلىغ[88]

ئاتانى چۈنكى قىبلە دەپتۇرلار
قىبلە ياڭلىغ ئاڭا نەزەر قىلغىل
ئاتا ئاغرىتما ئەي ئاتام زىنھار
ئاتا ئازارىدىن ھەزەر قىلغىل[89]

**9. مۇئەممما:** «مۇئەممما»نىڭ لۇغەت مەنىسى «سىمۋوللۇق سۆز، بىرەر نەرسىگە ئىشارە قىلىنغان سۆز» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. مۇئەممادا سۆز ئويۇنى ئارقىلىق مەخپىي ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر مەخسۇس يېشىم قائىدىسىگە ئاساسەن يېشىپ چىقىلىدۇ. مۇئەمما بېيىت ياكى قىتئەگە ئوخشاش كىچىك نەزم شەكىللىرى بىلەن يېزىلىدۇ. كۆپىنچە بىر بېيىت بىلەن فەرد شەكلىدە يېزىلىدۇ. ئەگەر ئىككى بېيىتتىن تەركىب تاپسا، قاپىيە شەكلى غەزەلنىڭكىگە ئوخشاش بىرىنچى بېيىتى ئۆزئارا قاپىيەداش، ئىككىنچى بېيىتتىن باشلاپ ئىككىنچى مىسرا بىرىنچى بېيىت بىلەن قاپىيەداش بولىدۇ. مۇئەممانى يېشىشتە سۆزنىڭ ئەسلىي يېزىقىدىكى ئىملاسى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئەگەر مۇشۇ ئىملا ئۆزگەرتىۋېتىلسە، ئۇنىڭدىن مەنە چىقمايدۇ. مەسىلەن:

مۇھسىن ئىسمىدا

مەجلىسدە شەيخ بۇ كېچە كۆپ شەين باشلادى
سىندۇردى شەمئۇ نۇقلىنى ھەۋز ئىچرە تاشلادى[90]

بۇ مۇئەممادا «محسن» (مۇھسىن — ئېھسان قىلغۇچى، ياخشىلىق قىلغۇچى، كەرەم قىلغۇچى) سۆزىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن بىرىنچى مىسرادىكى «مجلس» (مەجلىس) سۆزىگە قارىتا ئىككىنچى مىسرادىكى كۆرسەتمە بويىچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزسەك بولىدۇ. «مجلس»نىڭ شەمئى («ل»نى كۆرسىتىدۇ)نى سۇندۇرۇپ، نۇقل (پارچىسى — «ج»نىڭ چېكىتىنى كۆرسىتىدۇ)نى ھەۋز (كۆل — «س»نىڭ قۇيرۇقىدىكى چوڭقۇر قىسمى كۆزدە تۇتۇلغان) ئىچىگە تاشلىدى، دېگەن بويىچە «ل»نى چىقىرىپ تاشلاپ، «ج»نىڭ چېكىتىنى «س»نىڭ قۇيرۇقىغا يۆتكىسەك دەل «محسن» دېگەن سۆز كېلىپ چىقىدۇ. شېئىرىيەتىمىزدىكى بۇ خىل شەكىل ئالاھىدە بەدىئىي تالانتنىڭ ۋە نەزەرىيەۋى يۈكسەكلىكنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى تارىخىمىزدا مەخسۇس مۇشۇ ژانىر ھەققىدە تەتقىقاتلارنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. تارىخچى خاندەمىرنىڭ «مەكارىمۇل ـ ئەخلاق»ناملىق ئەسىرىدە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مۇئەمما پېنى ھەققىدە مەخسۇس كىتاب تۈزگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق يازغان: «ئالىي تەبىئەتلىك ئەلىشىر ھەزرەتنىڭ كىتابلىرىدىن يەنە بىرى ‹رىسالەتۇل ـ مۇفرەدات›تۇر. بۇ كىتاب مۇئەمما پېنى ھەققىدە پارس تىلىدا يېزىلغاندۇر. بۇ نەپىس ئەسەرنى ھەقىقەت ئىگىسى مەخدۇمى نۇرەن ھەزرەتنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكىنىدە، ئالىي ھەزرەت بۇ كىتابنىڭ تەرىپى ھەققىدە شۇنداق يۇقىرى باھا بېرىپ سۆزلىگەنىدى. ھەقىقەتەنمۇ ئەلىشىر ھەزرەت مۇئەمما پېنىدە شۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىگە يەتكەنىدى»[91].

**10**. لۇغز: لۇغز — شېئىرىي تېپىشماق دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ خىل شېئىرىي شەكىلدە شائىر مەلۇم نەرسىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق بۇ نەرسىنىڭ نېمە ياكى كىم ئىكەنلىكىنى سورايدۇ. مۇئەمما بىلەن لۇغزنىڭ ئوخشاشلىقى ھەرئىككىلىسىدە ئوقۇرمەندىن مەلۇم نەرسە ھەققىدە ئويلاپ تېپىش تەلەپ قىلىنىدۇ. پەرقى بولسا مۇئەمما سۆز ئويۇنى ئارقىلىق مەلۇم خەتتىن يەنە بىر خەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئالاھىدىلىكى كۈچلۈكرەك، يەنە بىر جەھەتتىن لۇغزدا ئوچۇق ھالدا «بۇ نېمە»، «ئۇ نېمە» دېگەن سوئاللار بولىدۇ.

لۇغزلار ھەجىم جەھەتتىن چەكلەنمەيدۇ. لۇغز مەزمۇنغا قارىتىلغان ئۇقۇم بولۇپ، فەرد، قىتئە ياكى رۇبائىي شەكىللىرىدە يېزىلىشۋېرىدۇ، چوقۇم ئارۇزنىڭ بەھرلىرىدە يېزىلىشى كېرەك. ئۇ دىۋانلارنىڭ ئاخىرىدىن ئورۇن ئالىدۇ. لۇغزلار ئاساسەن دېگۈدەك «نېمەدۇر»، «قايسى»، «نېدۇر ئولكىم» دېگەنگە ئوخشاش سوئال تەرزدە باشلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئوق

نې قۇشدۇرۇركى ئۈچار ئۈچ قانات بىلە لېكىن
ئەگەر قونار ھەم ئاچۇقدۇر قاناتلارى بارى
قاناتى سارىدۇر ئاغزى ۋەلېك دايىم ئاچۇق
بۇ تۇرفەراقكى بولۇر قۇيرۇغىدا مىنقارى
ئېرۇر ئانىڭ كەبى تۈز كۆڭلى ئاشيانىدا ئوق

سىپىھر جەئبەسىدىن ئىستەسەڭ نەمۇدارى

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە دو بەيتى، ئۆلەڭ، تۆتلۈك قاتارلىق كىچىك ھەجىملىك شېئىرىي شەكىللەرمۇ بار. دو بەيتى ــ ئىككى بېيىتلىك دېگەنلىك بولۇپ، ۋەزىن جەھەتتىن رۇبائىيدىن پەرقلىق ۋەزىندە يېزىلغان مۇستەقىل بىر شېئىرىي ئەسەرنى كۆرسىتىدۇ. دو بەيتىنىڭ ھەزەجى مۇسەددەسى مەقسۇر بىلەن ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇفتىن ئىبارەت ئىككى خاس ۋەزىنى بار. ئۆلەڭ ــ تۆت مىسرادىن تەركىب تاپقان شېئىرىي شەكىللەر ئىچىدىكى مۇراسىم تۈسىنى ئالغان شېئىرلارنى كۆرسىتىدۇ. تۆتلۈك ــ رۇبائىي ۋە دو بەيتىدىن پەرقلىق ۋەزىندە يېزىلغان، تۆت مىسرادىنلا تەركىب تاپقان مۇستەقىل شېئىرىي ئەسەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى لىرىك ژانىرلارنىڭ شەكىللىرى تولىمۇ رەڭدار بولۇپ، بۇ شەكىللەرنىڭ ھەممىسى ئارۇز ئىلمى، بەدىئىي سەنئەت ۋە قاپىيە ئىلىملىرى بىلەن زىچ باغلىق بولۇشتەك كۈچلۈك نەزەرىيەۋىچانلىققا ئىگە.

ئىزاھاتلار:

① مەھمۇدجان مۇھەممەد: «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ شېئىرىيەت قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭ قىممىتى»، «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى» (ئابلىمىت ئەھەت نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 385 ـ بەت.

②穆宏燕：“波斯古典诗学研究”，昆仑出版社，2011版，165－180页。

③ مىسرا ــ شېئىرىي ئەدەبىياتتىكى ھەربىر قۇرنىڭ نامى.

④ بېيىت ــ شېئىردا ئىككى مىسرادىن تەركىب تاپقان، قاپىيە ۋە مەزمۇن پۈتۈنلۈكى جەھەتتىن ئۆزئارا باغلانغان بىرلىك.

⑤ بەند ــ شېئىردا ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن كۆپ مىسرادىن تەركىب تاپقان، قاپىيە ۋە مەزمۇن پۈتۈنلۈكى جەھەتتىن ئۆزئارا باغلانغان بىرلىك.

⑥ قاپىيە ــ شېئىر مىسرالىرىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدىغان سۆزلەرنىڭ رىتىم ۋە ئاھاڭ جەھەتتىكى بىردەكلىكى.

⑦ ئەلىشىر نەۋايى: «بەدايىئۇل ـ بىدايە»نىڭ دىباچەسى» (مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، «ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى» (تۈزگۈچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت)، شىنجاڭ خەق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 58 ـ بەت.

⑧ 穆宏燕：“波斯古典诗学研究”，昆仑出版社，2011版，265 页。

⑨ ئابدۇلئەزىز ھەمدۇللا: «قەسىدە ژانىرى ھەققىدە»، «تارىم» ژۇرنىلى، 2009 ـ يىللىق 11 ـ سان.

⑩ ئابدۇلئەزىز ھەمدۇللانىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىللىق 11 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «قەسىدە ژانىرى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە تىلغا ئېلىنغان، مەزكۇر ئىككى قەسىدە شەكىل جەھەتتىن مەسنەۋى ژانىرىدا يېزىلغان بولۇپ، تېما ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى كۆزدە تۇتۇلدى.

⑪ ئابدۇلئەزىز ھەمدۇللا: «قەسىدە ژانىرى ھەققىدە»، «تارىم» ژۇرنىلى، 2009 ـ يىللىق 11 ـ سان.

⑫ ئابدۇلئەزىز ھەمدۇللا: «قەسىدە ژانىرى ھەققىدە»، «تارىم» ژۇرنىلى، 2009 ـ يىللىق 11 ـ سان.

⑬ ئەلىشىر نەۋايى: «بەدايىئۇل ـ بىدايە»نىڭ دىباچەسى» (مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، «ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى» (تۈزگۈچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت)، شىنجاڭ خەق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 45 ـ بەت.

⑭ 穆宏燕：“波斯古典诗学研究”，昆仑出版社，2011版，280 页。

⑮ ئابلىز ھەمدۇللا: «غەزەل ژانىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2010 ـ يىللىق 1 ـ سان، 84 ـ بەت.

⑯ ئىمىن تۇرسۇن: «نەۋائى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 238 ـ بەت.

⑰ ئەلىشىر نەۋايى: «بەدايىئۇل ـ ۋەسەت» (ئىسراپىل يۈسۈپ قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشـ

ـرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 1214 ـ بەت.

⑱ ئەلىشىر نەۋايى: «غەرايىبۇس ـ سىغەر» (مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 182، 193، 238، 348، 481، 548، 558، 573، 614، 630... 642 ـ غەزەللەر.

⑲ ئەلىشىر نەۋايى: «نەۋادىرۇش ـ شەباب» (مىرسۇلتان ئوسمانوف نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 475 ـ غەزەل.

⑳ قەلەندەر: «دىۋانى قەلەندەر» (ئىسراپىل يۈسۈپ نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى، 33 ـ بەتتىكى غەزەل.

㉑ ئابلىز ھەمدۇللا: «غەزەل ژانىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2010 ـ يىللىق 1 ـ سان، 85 ـ بەت.

㉒ ئەلىشىر نەۋايى: ««بەدايىئۇل ـ بىدايە»نىڭ دىباچەسى» (مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، «ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى» (تۈزگۈچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت)، شىنجاڭ خەق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 57 ـ بەت.

㉓ ئەلىشىر نەۋايى: «فەۋايىدۇل ـ كىبەر» (ئىسراپىل يۈسۈپ نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 26 ـ غەزەل، 75 ـ نومۇرلۇق غەزەلدىمۇ رەددى مەتلەئ قوللىنىلغان.

㉔ ئابلىز ھەمدۇللا: «غەزەل ژانىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2010 ـ يىللىق 1 ـ سان، 86 ـ بەت.

㉕ ئەلىشىر نەۋايى: «نەۋادىرۇش ـ شەباب» (مىرسۇلتان ئوسمانوف نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 28 ـ غەزەل.

㉖ ئەلىشىر نەۋايى: «نەۋادىرۇش ـ شەباب» (مىرسۇلتان ئوسمانوف نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 145 ـ غەزەل.

㉗ ئەلىشىر نەۋايى: «غەرايىبۇس ـ سىغەر» (مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 205 ـ غەزەل. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇشۇ دىۋاندىكى 5 ـ نومۇرلۇق غەزەلمۇ مۇشۇ تۈردىكى غەزەلگە كىرىدۇ.

㉘ مۇھەممەد ئىمىن گۇمنام: «دىۋانى گۇمنام» (مىرسۇلتان ئوسمانوف نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى، 78 ـ غەزەل.

㉙ سېنىڭ ئىشقىڭدىن ئەل قېچىپ قۇتۇلالامدۇ.

㉚ زامانىنىڭ كېچە ـ كۈندۈزى ئالمىشىپلا تۇرىدىكەن؛ ئابدۇلقادىر ناقىس: «دىۋانى ناقىس»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى، 15 ـ غەزەل.

㉛ لەۋلىرىڭ كۆلكىگە تولغان، قارا كۆزلىرىڭ ئۇيقۇسىرىغان.

㉜ مەي مەستلىكى يۈزلىرىڭنى لىق تەرگە چۆمدۈرەر.

㉝ زەمىر سەئدۇللازادە: «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ پارس ـ تاجىك تىلىدىكى ئەسەرلىرى توغرىسىدا»، «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى» (ئابلىمىت ئەھەت تۈزگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 258 ـ بەت.

㉞ بۇ سۆز مەتىندە «قىلورسىين» شەكلىدە يېزىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىرىنچى مىسرادىكى «نسرين» سۆزى بىلەن قاپىيەداش كەلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇڭا، بۇ غەزەلنىڭ مەتلەئسىمۇ سەجلىك قاپىيەدە كەلگەن.

㉟ DR .BILAL YUCEL: BABUR DIVANI, ANKARA, 1995, 164 bet, 77.

㊱ ئابلىز ھەمدۇللا: «غەزەل ژانىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2010 ـ يىللىق 1 ـ سان، 87 ـ بەت.

㊲ DR .BILAL YUCEL: BABUR DIVANI, ANKARA, 1995, 302 bet, 507/508.

㊳ زەلىلىي: «زەلىلىي دىۋانى»، (ئىمىن تۇرسۇن)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى، 308 ـ بەت.

㊴ قەلەندەر: «دىۋانى قەلەندەر» (ئىسراپىل يۈسۈپ)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى، 143 ـ بەت.

㊵ 穆宏燕："波斯古典诗学研究"，昆仑出版社，2011版，278 页。

㊶ ئابلىز ھەمدۇللا: «غەزەل ژانىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2010 ـ يىللىق 1 ـ

سان، 90 ـ بەت.

42 ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل ـ ئەۋزان»، ئافغانىستان بەلخ شەھىرى ھىجرىيە 1372 ـ يىلى نەشرى.

43 ئەلىشىر نەۋايى: «بەدايىئۇل ـ بىدايە،نىڭ دىباچەسى» (مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، «ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى» (مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت تۈزگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 58 ـ بەت.

44 ئەلىشىر نەۋايى: «فەۋايىدۇل ـ كىبەر» (ئىسراپىل يۈسۈپ نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 682 ـ نومۇرلۇق شېئىر.

45 ئەلىشىر نەۋايى: «بەدايىئۇل ـ بىدايە،نىڭ دىباچەسى» (مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، «ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى» (تۈزگۈچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 58 ـ بەت.

46 ئەلىشىر نەۋايى: «غەرايىبۇس ـ سىغەر» (مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، مەتىن، 962 ـ بەت.

47 زەمىر سەئدۇللازادە: «ئاروز ئىلمى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 373 ـ بەت.

48 تالالاش، چىقىرىش.

49 ئىنتايىن يېقىملىق.

50 ئۆزىگە تارتىدىغان، جەزىبىلىك.

51 تەيىن.

52 گۈزەللىك، نازۇكلۇق.

53 ئىخچاملاپتۇ.

54 ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل ـ ئەۋزان»، ئافغانىستان بەلخ شەھىرى، ھىجرىيە 1372 ـ يىلى نەشرى، 34 ـ بەت.

55 زەمىر سەئدۇللازادە: «ئاروز ئىلمى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 373 ـــ 377 ـ بەتلەر.

56 خاندەمىر: «مەكارىمۇل ـ ئەخلاق» (مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق نەشرگە تەييارلىغان)، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2011 ـ يىللىق 3 ـ سان، 13 ـ بەت.

57 ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل ـ ئەۋزان»، ئافغانىستان بەلخ شەھىرى، ھىجرىيە 1372 ـ يىلى نەشرى، 35 ـــ 41 ـ بەتلەر.

58 ئەلىشىر نەۋايى: «غەرايىبۇس ـ سىغەر» (مۇھەممەتتۇرى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 1025 ـ بەت.

59 ئەلىشىر نەۋايى: «غەرايىبۇس ـ سىغەر» (مۇھەممەتتۇرى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 1026 ـ بەت.

60 ئەلىشىر نەۋايى: «غەرايىبۇس ـ سىغەر» (مۇھەممەتتۇرى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 1033 ـ بەت.

61 يۇقىرىقى كىتاب، 1033 ـ بەت.

62 يۇقىرىقى كىتاب، 1035 ـ بەت.

63 ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل ـ ئەۋزان»، ئافغانىستان بەلخ شەھىرى، ھىجرىيە 1372 ـ يىلى نەشرى، 39 ـ بەت. بۇ مىسال «مىزانۇل ـ ئەۋزان»دا ئەسلىي «ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى سالىمى ئەخرەبى ئەھتەم» ۋەزنىنگە كۆرسىتىلگەن مىسال بولۇپ، بابۇر بۇ مىسالنى مەزكۇر ۋەزنىنگە مۇخالىپ دەپ كۆرسەتكەن، شۇڭا يۇقىرىقى ۋەزىن ئۈچۈن مىسال سۈپىتىدە كۆرسىتىلدى.

64 ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل ـ ئەۋزان»، ئافغانىستان بەلخ شەھىرى، ھىجرىيە 1372 ـ يىلى نەشرى، 39 ـ بەت.

65 ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل ـ ئەۋزان»، ئافغانىستان بەلخ شەھىرى، ھىجرىيە 1372 ـ يىلى نەشرى، 39 ـ بەت.

66 ئەلىشىر نەۋايى: «غەرايىبۇس ـ سىغەر» (مۇھەممەتتۇرى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 1031 ـ بەت.

⑥⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 1052 ـ بەت.
⑥⑧ يۇقىرىقى كىتاب، 1054 ـ بەت.
⑥⑨ يۇقىرىقى كىتاب، 1054 ـ بەت.
⑦⓪ ئەلىشىر نەۋايى: «غەرايىبۇس ـ سىغەر» (مۇھەممەتتۇرى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 1031 ـ بەت.
⑦① DR . BILAL YUCEL: BABUR DIVANI, ANKARA, 1995, 253 bet, 290.
⑦② ئەلىشىر نەۋايى: «غەرايىبۇس ـ سىغەر» (مۇھەممەتتۇرى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 1056 ـ بەت.
⑦③ ئەلىشىر نەۋايى: «نەزمۇل ـ جەۋاھىر» (سۇيىمە غەنىيېۋا تەييارلىغان)، تاشكەنت، 1999 ـ يىلى نەشرى، 146 ـ بەت، 56 ـ رۇبائىينىڭ 3 ـ مىسراسى.
⑦④ ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل ـ ئەۋزان»، ئافغانىستان بەلخ شەھىرى، ھىجرىيە 1372 ـ يىلى نەشرى، 37 ـ بەت.
⑦⑤ ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل ـ ئەۋزان»، ئافغانىستان بەلخ شەھىرى، ھىجرىيە 1372 ـ يىلى نەشرى، 37 ـ بەت.
⑦⑥ ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل ـ ئەۋزان»، ئافغانىستان بەلخ شەھىرى، ھىجرىيە 1372 ـ يىلى نەشرى، 37 ـ بەت.
⑦⑦ ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل ـ ئەۋزان»، ئافغانىستان بەلخ شەھىرى، ھىجرىيە 1372 ـ يىلى نەشرى، 38 ـ بەت.
⑦⑧ DR . BILAL YUCEL: BABUR DIVANI, ANKARA, 1995, 227 bet, 187.
⑦⑨ ئەلىشىر نەۋايى: «غەرايىبۇس ـ سىغەر» (مۇھەممەتتۇرى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 1051 ـ بەت.
⑧⓪ يۇقىرىقى كىتاب، 1057 ـ بەت.
⑧① مۇھەممەد ئەمىن گۇمنام: «دىۋانى گۇمنام» (مىرسۇلتان ئوسمانوف نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى، 224 ـ بەت.
⑧② ئابدۇرېھىم زۇنۇن: «شېئىرىيىتىمىزدىكى تۇيۇق شەكلى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2011 ـ يىللىق 2 ـ سان، 58 ـ بەت.
⑧③ ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل ـ ئەۋزان»، ئافغانىستان بەلخ شەھىرى، ھىجرىيە 1372 ـ يىلى نەشرى، 78 ـ بەت.
⑧④ ئەلىشىر نەۋايى: «مۇھاكىمەتۇل ـ لۇغەتەين» (خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرەئۇپ پولات تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 16 ـــ 17 ـ بەتلەر.
⑧⑤ ئەلىشىر نەۋايى: «فەۋايىدۇل ـ كىبەر» (ئىسراپىل يۇسۇپ نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 742 ـ نومۇرلۇق شېئىر.
⑧⑥ ئەلىشىر نەۋايى: «بەدايىئۇل ـ بىدايە،نىڭ دىباچەسى» (مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، «ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى» (مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت تۈزگەن)، شىنجاڭ خەق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 58 ـ بەت.
⑧⑦ ئەلىشىر نەۋايى: «بەدايىئۇل ـ بىدايە،نىڭ دىباچەسى» (مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، «ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى» (تۈزگۈچى مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت)، شىنجاڭ خەق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 58 ـ بەت.
⑧⑧ ئەلىشىر نەۋايى: «فەۋايىدۇل ـ كىبەر» (ئىسراپىل يۇسۇپ نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 703 ـ نومۇرلۇق شېئىر.
⑧⑨ DR . BILAL YUCEL: BABUR DIVANI, ANKARA, 1995, 283 bet, 406.
⑨⓪ ئەلىشىر نەۋايى: «نەۋادىرۇش ـ شەباب» (مىرسۇلتان ئوسمانوف نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 912 ـ بەت.
⑨① خاندەمىر: «مەكارىمۇل ـ ئەخلاق» (مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق تەييارلىغان)، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2011 ـ يىللىق 3 ـ سان، 14 ـ بەت.

(ئاپتور جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىدە)

توختى نۇر

# شائىر ھۇۋەيدانىڭ «ئۆزگەدۇر» رادىفلىق غەزىلى ۋە ئۇنىڭ شەرھى

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، ئەسەرلەردە چىن مېھىر ـ مۇھەببەت، ۋاپادارلىق قاتارلىق گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنىڭ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكىنى، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى توغرا يولغا مېڭىشقا، ياخشى ئادەم بولۇشقا دەۋەت قىلغانلىقىنى كۆرىمىز، شۇڭلاشقىمۇ كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىز تارىختىن خەلقىمىز ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن. كىلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن بولغان ھۇۋەيدامۇ كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدا بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە شائىردۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ كىشىلەرنى ئالغا يېتەكلەيدىغان ناھايىتى ياخشى مەزمۇنلار ئەكس ئەتكەن. تۆۋەندە ئۇنىڭ «دىۋانى ھۇۋەيدا» ناملىق دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن «ئۆزگەدۇر» رادىفلىق غەزىلى ئۈستىدە توختىلىمىز.

كىلاسسىك شائىر ھۇۋەيدانىڭ «ئۆزگەدۇر» رادىفلىق غەزىلى مەزمۇن جەھەتتىن لىرىك شېئىر، شەكىل جەھەتتىن ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىر، ۋەزىن ئايرىمىسى:

فائىلاتۇن/ فائىلاتۇن/ فائىلاتۇن/ فائىلاتۇن/ فائىلۇن

— V — — /— V — — /— V — — /— V — — /— V — /

بولۇپ، رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇق بەھرىدە يېزىلغان.

«ئۆزگەدۇر» رادىفلىق غەزەلنىڭ ئوقۇلغۇسى، يېشىمى ۋە شەرھى تۆۋەندىكىچە:

1. ئايماغىل سەن سىررىڭنى ھەركىمگە، سىرداش ئۆزگەدۇر،
دەردى يوق بىدەردغە مۇڭ ئايما، مۇڭداش ئۆزگەدۇر.

(سىرىڭنى ھەركىمگە ئېيتىۋەرمە، سىرداش دېگەن ئۆزگىچە، دەردسىزلەرگە مۇڭلانما، مۇڭداش دېگەن ئۆزگىچە)

شەرھ: تۇرمۇشتا كىشىنىڭ بېشىغا ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلى دەرد كەلمەيدۇ دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. دەردى بار كىشى باشقىلارنىڭ روھى جەھەتتىن ياردەم بېرىشىگە، سولغۇن كۆڭلىنىڭ

تەسەللى تېپىشىغا موھتاج بولىدۇ. لېكىن، ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم، مېنىڭ بېشىمغا دەرد - ئەلەملەر كەلدى، دەپ ئېيتىۋېرىشكە بولمايدۇ. بولمىسا، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىگە دۈشمەن كۆپەيتىۋالىدۇ. شۇڭا، كۆڭۈل سىرىنى خالىغان كىشىلەرگە ئېيتىۋەرمەسلىك كېرەكلىكى يۇقىرىقىدەك ئاددىي، ئەمما مەنىسى چوڭقۇر سۆز - ئىبارىلەر بىلەن تەشۋىق قىلىنغان.

2. ھەمرەھى قابىل بىلەن يۈر، بىر غەرىپلىق بولسا يول،
يۈرمەگىل ناجىنس بىرلە، يولدا يولداش (ئۆزگەدۇر).

(يولۇڭ بىر غېرىپلىق بولسىمۇ قابىل ھەمراھ بىلەن ماڭ، ناجىنس خۇمسىلار بىلەن ماڭما، يولداش دېگەن ئۆزگىچە)

شەرھ: كىشىلىك تۇرمۇش يولىدا ھامان كىشىلەر بىر - بىرىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ. دوست - بۇرادەرسىز ئادەم بولمايدۇ .لېكىن، شۇنداقتىمۇ خالىغانچە كىشىلەرنى ساپاسىنىڭ، پەزىلىتىنىڭ قانداقلىقىغا قارىمايلا دوست دەپ يۈرۈۋېرىشنىڭ ئەخمىقانىلىك ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن ھەمدە دوست تۇتۇشتا مۇھىمى ئۇنىڭ پەزىلىتىگە قاراش، بىرەر ئىش قىلغاندا ماھارىتى ھەم قابىلىيىتى بار دوستلار بىلەن بىرگە قىلىش كېرەكلىكى، ھەرگىزمۇ پەزىلەتسىز، ئەخلاقسىز نامەرتلەر بىلەن بىر يولدا ماڭماسلىق تەشەببۇس قىلىنغان.

3. قولدا مالىڭ باردا يارۇ بەرادەر خىش كۆپ،
ئارى باش ياستۇققا يەتكەندە، قەرىنداش ئۆزگەدۇر.

(قولۇڭدا بايلىقىڭ بار چاغدا، ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرىڭ كۆپ بولىدۇ؛ بېشىڭ ياستۇققا تەگكەن چاغدىكى قېرىنداش ئۆزگىچە)

شەرھ: كىشىلىك تۇرمۇشتا دوست دېگەن ھەرخىل بولىدۇ، بەزىلەر پۇل - مالنى، بەزىلەر مەنپەئەتنى، بەزىلەر چىرايلىق قىز - چوكانلارنى دەپ، يەنە بەزىلەر باشقا مەقسەتلەر بىلەن دوست بولىشىدۇ . ھەقىقىي مەنىدىن بىر نىيەت - بىر مەقسەت بىلەن چىن دىلىدىن، ئەقىدە ئىخلاسى بىلەن دوستلۇق قۇرىدىغانلار تۇرمۇشتا كەم ئۇچرايدۇ. قولدا مال - دۇنيا كۆپ چاغدا ھەممە تەرەپتىن «ۋاي - ۋاي» دېگەن دوستلارنىڭ باشقا كۈن چۈشكەندە ياردەمدە بولۇشى ناتايىن. دەل شۇنداق ۋاقىتتا سېنىڭ ھالىڭدىن خەۋەر ئالىدىغان دوست (ئۇرۇق - تۇغقان) دېگەن باشقىچە بولىدۇ. كونىلاردا «دوستنى باشقا كۈن چۈشكەندە سىنا» دېگەن گەپ بار.

4. بارچە يىغلار «ئاھ» دەپ، دەردلىغ كىشىدۇر بەلگۈلۈك،
دىل كۆيۈپ كۆزىدىن تۆكۈلگەن دەردلىغ ياش ئۆزگەدۇر.

(«ئاھ، ۋاھ» دەپ يىغلايدىغانلار كۆپ، ئەمما ھەقىقىي دەردى ئېغىر كىشى باشقىچە بولىدۇ؛ باغرى ئۆرتەنگەن ئادەمنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلگەن دەردلىك ياشمۇ ئۆزگىچە بولىدۇ)

شەرھ: كىشىلىك تۇرمۇش دېگەندە ئاچچىق - چۈچۈك ئارىلاشقان، گاھىدا كۈلكە - چاقچاق، گاھىدا قايغۇ - ئەلەم بىلەن ئۆتىدۇ. «ئاھ، ۋاھ» دەپ يىغلىسىلا، دەردى باركەن دېگىلى بولمايدۇ، ھەقىقىي دەرد-

لىك كىشىنىڭ رەڭگىرويى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى، گەپ ـ سۆزلىرىدىن بىلگىلى بولىدۇ.
بۇھەقتە غەرب پەيلاسوپلىرىنىڭ «ھەممە جانلىقلار يىغلىيالايدۇ، ئەمما كۈلكە پەقەت ئىنسانغا خاس ـ تۇر» دەپ ئېيتقىنىدەك، كىشىلەر يىغلايدۇ، ئەمما ھەممىسىنىڭ ئاڭلىغانلىكى ۋە كۆرگەنلىكى كىشىلەر ـ نىڭ يۈرەك باغرىنى ئۆرتىگۈدەك، ئىچ ئاغرىتىپ ھېسداشلىق قوزغىغۇدەك ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆكسۈپ يىغلىشى ناتايىن.
يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدىن چىقمۋاتقان بۇ ئازابلىق ئۆكسۈپ يىغلاشلار ۋە كۆزدىن تۆكۈلگەن ئا ـ شۇ ياشلارنىڭ مەنىسىنى پەقەت ئۆزىدىن باشقا ئۆزگىلەرنىڭ چۈشەنمىكى تەستۇر.

5. ئەي ھۆۋەيدا، بەرمە دىل ھەر بىۋەفانى يارنى دەپ،
ئىككى ئالەم بار باۋەفا يارى قارا قاش ئۆزگەدۇر.

(ئەي ھۆۋەيدا «يار» دەپ، ۋاپاسىزلارغا كۆڭۈل بەرمە، ئىككىلا ئالەمدە ۋاپادار بولىدىغان قارا قاشلىق يار دېگەن باشقىچە)
شەرھ: ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇش، تۇرمۇش قۇرۇش ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بار ئىش. تۇرمۇشتا گۈزەل نازىنىنلار كۆپ بولغىنى بىلەن ھەممىسىنىڭ ۋاپادار بولۇشى ناتايىن. ئۇ نازىنىنلارنىڭ ئاشۇ چىرايى ۋە ناز ـ كەرەشمىلىرىنى دەپلا كۆڭۈل بېرىش كىشىنى ئۆمۈرلۈك ھەسرەتتە قويىدىغان ئىشتۇر. ھەر ئىك ـ كىلا ئالەمدە مېھرىبان ۋاپادار يار دېگەن باشقىچە بولىدۇ.
قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، شائىر ھۆۋەيدانىڭ بۇ غەزىلى، ئۆزىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىن ئالغان چىن ھەقىقىي تەسىراتلىرىنى ئاددىي، كۆركەم، پاساھەتلىك، ئوبرازلىق كەلىمىلەر بىلەن يارقىن ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۇشبۇ غەزەلنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، رېئال تۇرمۇشقا يېقىن، شەكىل جەھەتتىن رىتىمدارلىقتا، ئاھاڭدارلىقتا ئىگە، لىرىك ھېسسىيات شۇ قەدەر ئېنىق ۋە جانلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
1. ئابدۇرەئوپ پولات: «ئۇيغۇرئون ئىككى مۇقامى، تېكىستلىرى ئۈستىدە تەتقىقات».
مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
2. ئابدۇشۇكۇرمۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام غەزىنىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 2 ـ نەشرى.
3. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇللىقىدا يېزىلغان)، بېيجىڭ.

(ئاپتور مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسپىرانتى)

ئەنۋەر مەتسەيدى

# ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا «چاھار دەرۋىش» تىپىدىكى ئەسەرلەر

«چاھار دەرۋىش» — پارس تىللىق شائىر ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىي (1254 — 1305) تەرىپىدىن يېزىلغان مۇھىم بىر ئەدەبىي يادىكارلىق بولۇپ، شەرق خەلقلىرى ئېغىز ئەدەبىياتى مەنبە قىلىنغان. ئەسەر قىسمەن نەزم ئارىلاشقان ھالدا نەسرىي يول بىلەن يېزىلغان بولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئاساسىدا، قەدىمكى ھىندىستاننىڭ «بەشنامە»، «تۇتىنامە» قاتارلىق ھېكايە توپلاملىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ۋە بايانچىلىق ئۇسلۇبىغا ئوخشايدۇ. يەنە ئۇنىڭدا ھېكايىدىن ھېكايە چىقىرىش ۋە نەسرىي بايان ئىچىگە نەزمىي پارچىلەرنى قىستۇرۇشتەك ئەنئەنە ئىزچىللاشتۇرۇلغان. «بۇ ئەسەر خەلق ھېكايىلىرىنىڭ ئەسلىي مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇبىغا سادىق بولغان ئاساستا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا پادىشاھ ئازادە بەخت ھېكايىسى مەركىزىي لىنىيە قىلىنغان. ئەسەردىكى ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسى مۇھەببەت ھېكايىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتلىرى بايان قىلىنغان.»①

ئەسەر بەش بۆلەكتىن تۈزۈلگەن، شېئىرىي تەركىبلەر كىرىشتۈرۈلگەن. ئەسەردىكى ھېكايىلەرنىڭ مەزمۇنى ئىشق ـ مۇھەببەت توغرىسىدا بولۇپ، رېئال ۋە ئىنسانىي مەسىلىلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا خاس خىيالىي ۋە فانتاستىك ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىنغان. ئەسەردە پادىشاھ ئازادە بەخت مۇرادىنىڭ تاغ باغرىنى ماكان تۇتقان زاھىدنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن بىر يەرگە جەم بولغان ئاشىق دەرۋىشلەر دۇئاسىنىڭ خاسىيىتىگە باغلىق ھالدا ھاسىل بولۇشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئازادە بەخت ۋاستىسى بىلەن ۋەسلىگە يېتىشى بىزگە بۇ نۇقتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق: قۇستانتىنىيە (رۇم) پادىشاھى ئازادە بەختنىڭ مال ـ دۇنياسى ھېسابسىز، شانۇشەۋكىتى تەڭداشسىز بولسىمۇ، بىر كۈنى ساقىلىغا كىرگەن ئاقنى كۆرۈپ، تېخىچە ئۆزىگە ۋارىس بولىدىغان پەرزەنتىنىڭ يوقلۇقىدىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ ھەسرەت چېكىدۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان دانا ۋەزىر پادىشاھقا خەير ـ ساخاۋەت ئىشىكىنى كەڭرى ئېچىپ، يوقسۇل، غېرىب ـ غۇرۋالارنىڭ دەرد ـ ھالىغا يېتىشنى، ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىشنى ئېيتىدۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ دېگىنىدەك قىلىدۇ. ئۇ بىر كىتابتا كۆرگەن «ھەركىم قەبرىستانغا چىقىپ چىن ئىخلاس بىلەن ئەرۋاھلارغا سېغىنسا، ھەرقانداق تىلىكى ئىجابەت بولغۇسىدۇر» دېگەن مەزمۇنغا ئاساسەن بىر كېچىسى قەبرىستانغا بارىدۇ ھەمدە بىر كونا گۈمبەزدە شام يېقىپ، خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇشقان تۆت دەرۋىشكە كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئۇلارنى يوشۇرۇن كۆزىتىدۇ. دەرۋىشلەر كېچىنى

غەم بىلەن ئۆتكۈزۈشنى لايىق كۆرمەي نۆۋەت بىلەن ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەشكە باشلايدۇ. پادىشاھ بىلمىندۇرمەي قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدۇ. ئىككى دەرۋىشنىڭ ھېكايىسى تۈگىگەندە تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلايدۇ، پادىشاھ ئوردىسىغا قايتىدۇ. پادىشاھ بامدات نامىزىدىن كېيىن ياساۋۇللارنى بۇيرۇپ دەرۋىشلەرنى ئوردىغا چاقىرىپ كېلىدۇ ۋە قالغان ئىككى نەپەر دەرۋىشنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. دەرۋىشلەرنىڭ تارتىنىۋاتقانلىقىنى پەملىگەن پادىشاھ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىش يۈزىسىدىن ئۆزى ۋە خوجا سەگپەرەس ھەققىدىكى ئاجايىپ ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى دەرۋىشلەرمۇ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىدۇ. دەرۋىشلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئۇلاردىن بىرىنىڭ يەمەنلىك سودىگەرنىڭ ئوغلى، بىرىنىڭ ئەجەم شاھزادىسى، بىرىنىڭ پارس مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ۋە بىرىنىڭ چىن شاھزادىسى ئىكەنلىكى، ئاشىقلىق بالاسى تۈپەيلىدىن باشلىرىغا ئېغىر كۈن چۈشۈپ، بايلىقى ۋە تەخت - سەلتەنەتلىرىدىن ئايرىلىپ جۇدالىق ۋە مۇساپىرلىق دەشتىدە سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئۇلار نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەر ۋە خېيىم - خەتەرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاخىرى ئۆز مەشۇقلىرى بىلەن تېپىشقان بولسىمۇ، تەقدىرنىڭ ھەرخىل ئويۇنلىرى ۋە دۇنيانىڭ ۋاپاسىزلىقى تۈپەيلى سۆيگەن مەھبۇبلىرىدىن جۇدا بولۇپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغاندا، بىر تاغ باغرىنى ماكان تۇتۇپ ئىستىقامەت قىلىۋاتقان قېرى زاھىدقا يولۇقۇپ، ئۇنىڭ نەسىھەتى ۋە يول كۆرسىتىشى بىلەن پادىشاھ ئازادە بەختنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن قۇستانتىيەگە كەلگەن ۋە ئاشۇ گۈمبەزدە جەم بولۇشقانىكەن. دېمەك، دەرۋىشلەر ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، چىن ئىخلاس بىلەن پادىشاھ ئازادە بەختنىڭ پەرزەنتلىك بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. نەتىجىدە پادىشاھ ئازادە بەخت بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ. دەرۋىشلەر ئوغۇلغا «شاھزادە بەختىيار» دەپ ئات قويىدۇ ۋە ئەنە شۇ «شاھزادە بەختىيار»نىڭ سەۋەبى بىلەن دەرۋىشلەر مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ. بۇنىڭغا «شاھزادە بەختىيار»نى كۆيۈئوغۇللۇققا تاللىغان پەرىلەر شاھى مۇلكى شەھباز ياردەم قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار پەرىلەر، جىنلار ۋە دىۋىلەر تائىپىسى بىلەن ئىناق، دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ھەممىلەن تېگىشلىك ئورۇنلىرىدا قارار تېپىشىدۇ.

پادىشاھ ئازادە بەختنىڭ ھېكايىسىدە ئىشق - مۇھەببەتتىن باشقا، كىشىلىك ئەخلاق تېمىسى گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى خوجا سەگپەرەسنىڭ ئىككى ئاكىسىدىن كۆرگەن ۋاپاسىزلىقى، زىندانىدىكى كەچۈرمىشلىرى ۋە بەندەرگە پادىشاھ بولۇش جەريانىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەر ھەققەتەن چوڭقۇر، ئىبرەتلىك مەزمۇنلار بىلەن سۇغۇرۇلغان. پادىشاھ ئازادە بەخت ئېيتقان «خوجا سەگپەرەس ھېكايىسى»نىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق: بىر كۈنى پادىشاھ ئازادە بەخت بەدەخشان سودىگىرى تەقدىم قىلغان ئۈچ مىسقال ئېغىرلىقتىكى بىر گۆھەردىن ماختىنىپ، ھەرقايسى مەملىكەتتىن كەلگەن ئەلچىلەر ۋە ۋەزىر، ئەمىرلەر ئالدىدا ئۇنى تەرىپلەشكە باشلايدۇ. ئوردىدا پادىشاھنىڭ ئاتىسىدىن باشلاپ ۋەزىرلىك قىلىپ كەلگەن ئەقىللىك، تەدبىرلىك بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇ پادىشاھنىڭ بۇ قىلىقىنى ياقتۇرماي «سەندەك بىر چوڭ پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدە مۇنداق گۆھەرنىڭ بولۇشى ھەيران قالىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى، خوراسان شەھىرىدە بىر سودىگەر باركى، ئۇنىڭ ھەر بىرى يەتمىش مىسقال ئېغىرلىقتىكى ئون ئىككى گۆھىرى بار. بۇ گۆھەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىتىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويغان. ئۈچ مىسقال ئېغىرلىقتىكى بىر گۆھەر بىلەن مۇنچىۋالا ماختانساڭ، ئۇنىڭغا نېمە دەيسەن!» دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزىپى تاشقان پادىشاھ ۋەزىرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ. بىراق پەرەڭ پادىشاھىنىڭ تىلىۋېلىشى بىلەن ۋەزىر سۆزىنىڭ

راستلىقى ئىسپاتلانغىچە زىندانغا سولاشقا ئەمىر قىلىنىدۇ. ۋەزىرنىڭ ئون ياش چامىسىدىكى قىزى دادىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا ـ قازانى يوق قىلىش ئۈچۈن ئەرەنچە ياسىنىپ ئەجەم مەملىكىتىگە بارىدۇ. قىز بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئۆزىگە ئەسىر بولغان خوجا سەگپەرەسنى ئۇنىڭ قەپەزگە سولانغان ئىككى ئاكىسى ۋە ئون ئىككى تال گۆھەر بويىنىغا ئېسىلىپ شاھانە تەختتە ئولتۇرغۇزۇلغان ئىتى بىلەن قوشۇپ رۇمغا كەلتۈرىدۇ. پادىشاھ ئازادە بەخت خوجا سەگپەرەسنىڭ ئادەم سىياقى قالمىغان ئىككى كىشىنى قەپەزگە سولاپ، بويىنىغا گۆھەرلەر ئېسىلغان ئىتنى شاھانە تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ ئۆزى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلىكىدىن بەكمۇ غەزەپلىنىدۇ. خوجا سەگپەرەس ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، پادىشاھنىڭ ئاۋۋال ئۆز گېپىگە قۇلاق سېلىشىنى ئىلتىماس قىلىدۇ. پادىشاھ ئىككى كىشىنى قەپەستىن چىقىرىپ خوجا سەگپەرەسنىڭ ئىككى يېنىدا تۇرغۇزىدۇ. خوجا سەگپەرەس ئۆزىنىڭ شۇنچە ياخشىلىق قىلغانلىقلىرىغا قارىماي، ئىككى ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە قىلغان رەھىمسىز مۇئامىلىسى، ئېپلاسلىقلىرى، ۋاپاسىزلىقلىرى؛ ئىتنىڭ بولسا ئەكسىچە ئۆزىنى نەچچە قېتىم ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزۇپ چەكسىز ۋاپادارلىق كۆرسەتكەنلىكى ھەققىدىكى ئاجايىپ ئېچىنىشلىق ھەم تەسىرلىك ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئىككى مەھبۇسنىڭ قەپەزدە زەخمەت چېكىشىنىڭ ۋە ۋاپادار ئىتنىڭ قەدىرلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەن پادىشاھ ئازادە بەخت خوجا سەگپەرەستىن ئىتنىڭ بويىنىدىكى ئون ئىككى تال لەئلىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سورايدۇ. خوجا سەگپەرەس بۇتپەرەسلەر ماكانى بولغان بەندەرگە پادىشاھ بولغاندىن كېيىنكى ۋەقەلەرنى، ئون ئىككى تال لەئلنى ئۆزىگە ھەدىيە قىلغان ئەزەربەيجانلىق سودىگەر يىگىتنىڭ ئاتەشپەرەسلەر يۇرتىدا كۆرگەن ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىدا، پادىشاھ تەرىپىدىن زىندانغا ھۆكۈم قىلىنغان ۋەزىرنىڭ ئون ياشلىق قىزىنىڭ دادىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن مەردانىلىكى ۋە پەم ـ پاراسىتى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ.

ئەسەردە ئادەمنى ئۇلۇغلاش ئىدىيەسى روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن، پەرىلەر شاھى مۆلكى شەھباز خەلق كۆزىدىن يىراق توقايلىق ئىچىنى ماكان تۇتقان مەجنۇن شاھزادە ياخشى كۆرۈپ قالغان پەرىزاتنىڭ ئەسلىدە مۆلكى ئامان ئاتلىق پەرىلەر شاھىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، «ئادەم بالىسىنىمۇ خۇدا ياراتقاندۇر، بەلكى بىزدىن ئۇلۇغدۇر» دېگەنلىكى ھەمدە مۆلكى ئامان ئاتلىق پەرىلەر شاھىنى يىگىتنى كۆيۈئوغۇل قىلىشقا ماقۇل قىلىپ، ئەپسۇن بىلەن پەرىزاتنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ بەرگەنلىكى بۇ گېپىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. ئەسەرنىڭ يېشىمىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇنىڭدا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيە ئىنتايىن ئىلغارلىققا ئىگە. ئۇنىڭدا مىللەت، دۆلەت ۋە ھەتتا دىن چېگراسىدىن ھالقىغان ئىنسانلار دوستلۇقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئىنسانلار ئېڭىدا ئەزەلدىن بار بولغان ئىناق دۇنيا تەسەۋۋۇرى خىيالىي ۋە ئوبرازلىق تەرزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭدىكى ئەخلاقىي تەشەببۇسلار تىنچلىق ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ مەنبەسى بولغان تەۋۋادارلىق، چىن دوستلۇق، مېھر ـ مۇھەببەت ۋە باراۋەرلىك ئىدىيەلىرى، شۇنداقلا مەردلىك، سېخىيلىق پەزىلەتلىرى ھېكايىلەرگە سىڭدۈرۈلگەن. ياخشىلىق، ۋاپادارلىق، مەردلىك، پاكلىق، ئادىللىق مەدھىيەلىنىپ، يامانلىق، ۋاپاسىزلىق، نامەردلىك، پەسكەشلىك، ئىنسابسىزلىق تەنقىدلەنگەن.

«چاھار دەرۋىش» كىتابى ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىي تەرىپىدىن 14 ـ ئەسىردە كىتاب بولۇپ تۈزۈلگەندىن باشلاپ تۈركىي، ئەرەب، پارس، ۋە ئوردۇ تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ تۈركىي، پارسىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ يازما ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئەسەر-

نىڭ تۈركىي تىللار ۋە پارس تىلىدىن باشقا تىللاردا ئىشلەنگەن نۇسخىلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقى ھازىرچە بىزگە مەلۇم ئەمەس. 19 ـ ئەسىرلەردە قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن «فەنائىي» تەخەللۇسلۇق بىر ئەدىب ئۆزىنىڭ «خەمسەتۇل ـ ھېكايات» ناملىق ئەسىرىنى گەرچە «چاھار دەرۋىش» كىتابى ئاساسىدا يېزىپ چىققان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدا ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىينىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان، ئۇ ئۆز ئەسىرىنى ھافىز شىرازىينىڭ شېئىرىي ئۇسلۇبىتا يېزىپ چىققان پارسچە نۇسخىدىن تۈركىي تىلغا ئۆرۈپ ئىشلەپچىقانلىقىنى قەيت قىلغان[2]. بۇنىڭدىن «چاھار دەرۋىش» كىتابىنى پارس شائىرلىرىدىن خوجا ھافىز شىرازىي (1320 ــ 1389) نىڭمۇ يېزىپ چىققانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا، يەنى تەرجىمىچىلىك ھەرىكىتى گۈللەنگەن 18 ـ ۋە 19 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا مەزكۇر ئەسەرنىڭ بىرقانچە خىل چاغاتايچە ئىجادىي تەرجىمە نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن.

خۇسرەۋ دېھلەۋىي يېزىپ چىققان «چاھار دەرۋىش» كىتابى خېلى بۇرۇنلا تۈركىي تىلغا، جۈملىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، خەلقىمىز ئىچىدە كەڭرى تارقالغان ۋە خەلق ئارىسىدىكى مەدداھ، داستانچىلار تەرىپىدىن ئاغزاكى بايان قىلىنىپ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەزىنىسىنى بېيىتىش رولىنى ئوينىغان. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، مەزكۇر ئەسەر ئەڭ دەسلەپ 18 ـ ئەسىردە خوتەنلىك ياقۇپ خوجا پاشا تەرىپىدىن چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان[3]. يەنە يەركەننىڭ ۋالىيسى مىر يۇنۇسنىڭ ئەمرى بىلەن قاسىم بېگىم دېگەن كىشى ئۇنى چاغاتايچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭغا «تەنبىھاتى دەرۋىشىيە» دەپ ئىسىم قويغان[4]. ئۇنىڭدىن باشقا، 19 ـ ئەسىردە ياشىغان ۋە نەۋائىينىڭ «خەمسە»سىنى نەسىرلەشتۈرۈپ چىققان ئەدىب موللا سىددىق يەركەندىينىڭمۇ «چاھار دەرۋىش» كىتابىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققانلىقى مەلۇم[5]. يەنە بەزى كىتابلاردا بۇ ئەسەرنى 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، مەشھۇر تاجىك شائىرى مەۋلانا ئابدۇرەھمان جامىينىڭ پارس تىلىدا يازغان «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» داستانىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىجادىي ئىشلەپچىققان يەركەنلىك موللا يۇنۇس يەركەندىينىڭمۇ ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ چىققانلىقى تىلغا ئېلىنغان[6]. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلانغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىلارنىڭ بىرىدە مىرزا قۇربان دېگەن كىشىنىڭ ئىمزاسى بار بولۇپ، بۇ كىتاب ھىجرىيە 1332 ـ يىلى (مىلادىيە 1912 ـ يىلى) بۇخارادا تاش مەتبەئەدە بېسىلغان. قالغان نۇسخىلارنىڭ تەرجىمانى ئېنىق ئەمەس.[7] ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 ـ يىلى «چاھار دەرۋىش» نامىدا، 2000 ـ يىلى «تەنبىھاتى دەرۋىشىيە» نامىدا نەشر قىلىنغان. بۇ ئىككى كىتاب تىلى ۋە ماۋزۇلارغا ئايرىلىشى جەھەتتىن قىسمەن پەرقلىق بولۇپ، ئوخشىمىغان تەرجىمە نۇسخىلارغا ئاساسلانغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ نەشرلەردە تەرجىمان توغرىسىدا ھېچقانداق ئىزاھات بېرىلمىگەن. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «تەنبىھاتى دەرۋىشىيە»نىڭ قاسىم بېگىم تەرجىمىسىدىن كەلگەنلىكى ئېنىق. قانداقلا بولسۇن، «چاھار دەرۋىش» كىتابىنىڭ خەلقىمىز ئىچىدە ئوخشاش بولمىغان تەرجىمە ۋە كۆچۈرمە نۇسخىلىرىنىڭ بولۇشى بۇ ئەسەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئورنىنى ۋە خەلقىمىز ئىچىدىكى تەسىرىنىڭ خېلى چوڭ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ھەممىدىن بەك تارتىدىغىنى يەنىلا «چاھار دەرۋىش» ھېكايىلىرىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىرلاردىن ئابدۇرېھىم نىزارىي، نورۇز

ئاخۇن زىيائىيلار بىرلىشىپ نەزمىلەشتۇرۇپ يېزىپ چىققان نۇسخىسى بولۇپ، بۇ ھال «چاھار دەرۋىش» كىتابىنىڭ رەسمىي ھالدا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئېلىپ كىرىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. تۆۋەندە «چاھار دەرۋىش» كىتابىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىلىرى ۋە نەزمىلەشتۈرۈلگەن ئەجادىي نۇسخىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

1. قاسىم بېگىم ۋە ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسىرى «تەنبىھاتى دەرۋىشىيە»:

بۇ نۇسخا قاسىم بېگىم ئىسىملىك بىر كىشى تەرىپىدىن ئەجادىي تەرجىمە قىلىنىپ «تەنبىھاتى دەرۋىشىيە» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇقەددىمە قىسمى بىلەن بىرىنچى دەرۋىشنىڭ سەرگۈزەشتى باياني ئابلىمىت ئەھەت تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئىزاھات بېرىلىپ ئېلان قىلىنغان. نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، بۇ نۇسخا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلىنىۋاتقان، ئەينى دەۋردىكى يەركەننىڭ ۋالىيسى مىر يۇنۇسنىڭ ئەمرى بىلەن قاسىم بېگىم دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئەجادىي تەرجىمە قىلىنغان نۇسخا بولۇپ، 1908 ـ يىلى (ھىجرىيە 1326 ـ يىلى) چىرا كەنتىدىن مۇھەممەد موللا نىياز تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن 0114 نومۇرلۇق قول يازما بىلەن 1886 ــ 1887 ـ يىللىرى (ھىجرىيە 1304 ـ يىلى) موللا زوھىرىددىن بىننى موللا ئالاۋۇددىن تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن 028 نومۇرلۇق قول يازمىلاردىن پايدىلىنىپ نەشرگە تەييارلانغان. ئەسەر مۇقەددىمىدىن باشقا ئالتە چوڭ ماۋزۇ، سەككىز كىچىك ماۋزۇدىن تەركىب تاپقان. «نەزم»، «بېيت»، «رۇبائىي»، «مىسرا»، «مۇناجات» قاتارلىق شېئىرىي تەركىبلەرمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ھەر ئىككى قول يازمىدا ئەسەرنىڭ ئەسلىي ئاپتورى (ئەمىر خوسرەۋ دېھلەۋىي)، تەرجىمە قىلىشقا سەۋەب بولغان ئامىللار ۋە كىتاب ئاخىرىغا پۈتۈلگەن كۆچۈرگۈچىگە ئائىت ئازغىنا ئۇچۇر بېرىلگەندىن باشقا، ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن قاسىم بېگىم، تەرجىمە قىلىنغان ۋاقىت ۋە كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن. مۇقەددىمىدە ئاللاغا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەرگە نەئت ۋە دۇرۇت ـ سالاملار يوللانغاندىن كېيىن، ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشقا سەۋەب بولغان ئامىللار مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

بىر كۈنى بۇ پېقىر ۋە ھەقىر قۇسۇر بىلەن سۆھبەتلەنگەن، ئەھلى تەھقىقلەرنىڭ يولىنى تەلەپ قىلغۇچى راستچىلغا ــ ئاللا ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگەي ــ ئۇ ئېسىل نەسەبلىك، مىللەت ۋە دىننىڭ ئۇلۇغى، بېيت:

شۈكرى لىللاھكى، يوق ئەيلەدى ئاسىبى جەھان،
مىر يۇنۇسكى ئېرۇر رەۋنەقى ئالەم بۇ زەمان.

پايتەخت يەركەن مەملىكىتىنىڭ ۋالىيسى ــ ئاللاتائالا ئۇنى ھەمىشە ئەبەدىي دۆلەت ۋە ئۈزۈلمەس نېمەت ئۈستىدە قىلغاي ــ دىنىي ئىشلارنىڭ ئىسلاھىدا دىققىتىنى جەم قىلىپ، كۆڭۈل ئەينىكىنى ئىسيان غۇبارىدىن پاك تۇتقۇچى ــ ئاللاتائالا دۇنيادا ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى زىيادە قىلغاي ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ياخشى قىلغاي، بېيت:

سەفالىقدىن ئىشىڭ سىدقۇ سەفايى،
ۋەفالىقدىنكى رەسمىڭدۇر ۋەفايى.

ھەممىشە خىسلەتلىك مەجلىس ـ شاراپەتلەردە كاتتا ئالىملار، ئۇلۇغ پازىللار تەفسىر، ھەدىس ۋە تەزكىرە كىتابلىرىدىن مۇبالىغىلەشتۇرۇپ بايان قىلىشقانلىرىدا، مەجلىس ئەھلىلىرىدىن بەزىلىرى بىۋاستە ئاڭلاپ يەيزىنى سورۇپ، بۇ يېقىملىق، خۇش پۇراق شامالنىڭ بەرىكىتىدىن بەھرىمەن بولسا، بەزى تۈركىي تىلدا سۆزلەيدىغان، ئەرەبچە ئىبارە ۋە پارسچە كەلىمىلەردىن بەھرە ئالالمايدىغان ئەزىزلەر ئۇنىڭ پەيزىدىن — يېقىملىق شامالنىڭ بەرىكىتىدىن بوي ئالالماس ئىدى.

ئەلقىسسە، «چاھار دەرۋىش» قارارى يوق بۇ گۈزەل ئالەمنىڭ بىۋاپالىقى ۋە ئادەملەرنىڭ ۋاپاسىزلىقى بايان قىلىنغان ئەسەر بولۇپ، ئۇنى ھەزرىتى ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىي ‹ئالەم خەلقى بەھر ئېلىپ تەنبىھ ئالغاي› دەپ تۈزۈپ چىققانىكەن — سائادەت پازىللىرىنىڭ قوغدىغۇچىسى، ئۇلۇغلارنىڭ قۇۋۋەتلىگۈچىسى ئالىيلىرىنىڭ ھۆكمى بىلەن مۇھەببەت ئەقىدىسى ۋە ئۇزاق مەزگىللىك ئالاقە سەۋەبىدىن — بۇ خاكسار ئەرزىمەسكە ئەمر بولدىكى: «مۇتىۋەر، قىسقا مەجمۇئەلەردىن بولغان بۇ كىتاب تۈركىي تىلدىن لىباس كەيدۈرۈلۈپ، ئەرەبچە ئىبارىلەرگە مۇبالىغە قىلىنماي، پارسچە كەلىمىلەرگە ئەگەشمەي ساددا سۆزلەر ۋە كۆڭۈلگە ياققۇچى ئىبارىلەر بىلەن لەۋزىگە كەلتۈرۈلۈپ يېزىلغان بولسۇن. تاكى تۈركىي تىلدا سۆزلەيدىغان خاسۇ ئام بەھرىمەن بولغاي. بۇ كىتابنىڭ ھېكمەت پەنلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئاخىرى يوق گۈزەل دۇنيانىڭ ھاسىلاتلىرىدىن تەنبىھ ئالغاي!»

شۇ سەۋەبتىن بۇ كىتابنى يېزىشقا توسالغۇ بولغۇدەك ھېچبىر ھادىسە يۈز بەرمىدى. ئۇ كاتتا زاتنىڭ ئەمرى بىلەن خاھىشىم تەخىر تاپمىدى. ئۇل ئەمىرنىڭ تەقەززاسىدىن بۇ ئىخچام تۈركىي تىلغا رەقەم ئۇرۇلدى. رۇبائىي:

دوستلارغا گۈنەھ غەمدىن سۆزلەگەي،
چەرخدىن يەتكەن ئەلەمدىن سۆزلەگەي.
فارسىي لەفزى كەلامىدىن نە سۇد،
تۈركىيغە تۈركىي ئەجەمدىن سۆزلەگەي.

تاكى خاسۇ ئام ئۇنىڭدىن تەنبىھ ئالغاي دېگەن مەقسەتتە بۇ كىتابقا «تەنبىھاتى دەرۋىشىيە» دەپ ئات قويۇلدى. ھەزرىتى زۇل ـ جەلالنىڭ دەرگاھىدىن كۆچلۈك ئۈمىدىم باركى، بۇ كىتابنى ئوقۇغۇچى، يۈتكۈچى ۋە تەنبىھ ئالغۇچى ئەبەدىي سائادەت ۋە ئۈزۈلمەس دۆلەتكە ئېرىشكەي![8]

بۇ نۇسخا بىلەن 2000 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «تەنبىھاتى دەرۋىشىيە» نامىدا نەشر قىلىنغان نۇسخىنىڭ ئەسلىي تەرجىمانى بىر كىشى بولسىمۇ، بىراق كۆچۈرگۈچىسى ئوخشىمىسا كېرەك. تىلى، بېيىت، مىسرالارنىڭ سانى، ماۋزۇلارنىڭ قويۇلۇشى ۋە بابلارغا بۆلۈنىشى قاتارلىق جەھەتلەردىن پەرقلەر ساقلانغان. شۇنداق بولغاندا كىتابنى كۆچۈرگۈچىلەرمۇ بەزى ئىش قوشۇشلارنى ئېلىپ بارغان.

2. 1981 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «چاھار دەرۋىش»:

بۇ نۇسخا توختى ئابىخان تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى دەسلەپكى نۇسخا بولۇپ، ئەسەرنىڭ كىمنىڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكى، قايسى نۇسخا ئاساسىدا نەشرگە تەييارلانغانلىقى ئەسكەرتىلمىگەن. كىتاب ئاۋۋالقى ھېكايە ۋە ئاخىرقى ھېكايىدىن باشقا بەش بابقا بۆلۈنگەن. بىرىن-

چى، ئىككىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى بابلىرى تۆت دەرۋىشنىڭ سەرگۈزەشتە بايانى، ئۈچىنچى باب پادشاھ
ئازادە بەختىنىڭ سەرگۈزەشتە بايانىدىن ئىبارەت. ھەر بىر بابنىڭ تەركىبىدە ئۈچتىن جەمئىي 15 تارماق
ماۋزۇ بار. كىتابنىڭ تىلى گۈزەل، پاساھەتلىك، جانلىق ۋە چۈشىنىشلىك بولۇپ، كىشىنىڭ دىققىتىنى
تارتىدۇ. ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان شېئىرىي پارچىلەر ۋە رىۋايەتلەر قىستۇرما قىلىنىغان. ئەسەر تەسەۋۋۇپ
چۈشەنچىلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغانلىقىغا قارىماي، خەلق چۆچەكلىرىگە خاس ئىلغار غايىۋى، ئەخلاقىي
تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ نۇقتىنى ئەسەرنىڭ يېشىمىدىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىـ
دۇ. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا پىشىپ يېتىلگەن ناھايىتى گۈزەل ۋە رەڭدار تەسـ
ۋىرىي ئۆرنەكلىرى، پاساھەتلىك جۈملىلەر ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ھەتتا «12 مۇقام»غا ئوخشاش ئۇيـ
غۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى، سەنئىتىگە ئائىت ئۇچۇرلارمۇ بار. مەسىلەن: «...مەي كەيپى بىلەن كۆڭـ
لى ئېچىلغان سازەندىلەر شۇ دەرىجىدە خۇش ئاۋازدا ناۋا قىلىشتىكى، ناۋالار سادالىرىدىن گويا ئېقىۋاتقان
سۇلارمۇ، ئۇچۇۋاتقان قۇشلارمۇ بەندى مەست بولۇپ، توختاپ قالغۇدەك ئىدى. ئۇلار نەغمە ـ ناۋا سەنئىـ
تىدە ماھارەت كۆرسىتىپ، كۆڭۈللەردىن غەشلىك داتلىرىنى ئالاتتى. 12 مۇقام، 24 پەدە، 48 كۈي ناۋاـ
لىرى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ زوقىنى قوزغاپ، جاھاننى ياڭرىتاتتى. راك مۇقامىدا بۇ غەزەلنى ئوقۇيتتى:

سۆھبەتى باغۇ ـ بەھار ئۆزگە ئەمەستۇر ياخشى يار،
ساقىيا، مەي تۇتقىنكى، ئەمدى قىلمىغايسەن ئىنتىزار⑨.

3. 2000 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «تەنبىھاتى دەرۋىشىيە»:
بۇ نۇسخا مۇھەممەت ئوسمان تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ تەرجىمان ۋە كۆـ
چۈرگۈچى توغرىسىدا بىرنېمە دېيىلمىگەن. «تەنبىھاتى دەرۋىشىيە» دېگەن ماۋزۇنىڭ تۈرك تىلىغا تەرجىـ
مە قىلغۇچى تەرىپىدىن قويۇلغانلىقى مۇقەددىمىدىكى مۇنۇ بېيىتلاردىن مەلۇم:

بۇ كىتاب دەرد ۋە ئەلەمدىن سۆزلەگەي، ئامۇخاس ئۇندىن نەسىھەتلەر ئالىپ،
چەرختىن يەتكەن سىتەمدىن سۆزلەگەي. ھەر كىشى ئۆزىنىڭ يولىنى كۆزلەگەي.
فارسىي تىل ۋە يېزىقتىن ئۆزگىرىپ، ئۇشبۇ سەۋەبتىن كىتابنىڭ نامىنى
تۈركىيغە تۈرك ۋە ئەجەمدىن سۆزلەگەي. «تەنبىھات دەرۋىشىيە» دەپ تۇرلەگەي⑩.

گەرچە كىتابنىڭ باش قىسمىدىكى ھەمدۇسانا قىسمى قىسقارتىلغان بولسىمۇ، مۇشۇ بېيىتلاردىن
ئۇنىڭ دەل قاسىم بېگىم دېگەن كىشى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلغان نۇسخىنىڭ باشقا بىر كاتىپ تەرىپىـ
دىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ئىكەنلىكى ئېنىق. ئەمما، ئىككى نۇسخىدا خېلى پەرقلەر بار. بۇ پەرقلەر
كۆچۈرگۈچى كاتىپنىڭ ئەسەرنى بابلارغا ئايرىش، كىچىك ماۋزۇلارنى قويۇش، شېئىرىي مىسرالارنى قىېـ
تىپ ۋە ئۇنىڭدىكى پارسچە سۆزلەرنى ئازايتىپ، ئەسەر تىلىنى تېخىمۇ ساپلاشتۇرۇش جەھەتتە بەلگىلىك
ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغانلىقىدا كۆرىلىدۇ. مەسىلەن، كىتاب بىر مۇقەددىمىدىن باشقا يەتتە بابقا بۆلۈنـ
گەن. بىرىنچى باب بىلەن يەتتىنچى باب ئازادە بەخت بىلەن پەرىلەر پادىشاھى مالىك شاھباز ھەققىدىكى
ھېكايە بولۇپ، قالغان بەش بابى تۆت دەرۋىش بىلەن ئازادە بەخت ھېكايىسى ۋە شۇلاردىن شاخلاندۇرۇلغان
ھېكايىلەردىن ئىبارەت. بۇ بەش شەخسنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئۇلار تەركىبىدىكى ھېكايىلەر جەمئىي

كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

27 كىچىك ماۋزۇغا ئايرىلغان. ماۋزۇلارنىڭ قوپۇلۇشىمۇ «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شېئىرلاردىكى پارىچە سۆزلەر تۈركىي تىلغا تولۇق ئۆرۈلۈپ ئاممىبابلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن، «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىدا:

شەھ دەۋلەتىن بەقا تاپىبان سەد ھەزار يىل،
ھەر سەد ھەزارنىڭ بىرى يۈزمىڭ ھەزار يىل.
ھەر يىل ھەزار كۈن، ھەر كۈن ھەزار ئاي،
ھەر كۈن ھەزار سائەتۇ سائەت ھەزار يىل[11].

كىتابتا:

شاھلىق دۆلىتىڭ ئۇزاق بولغاي يۈزمىڭ يىل،
ھەر يۈزمىڭنىڭ بىرى يەنە يۈزمىڭ يىل.
ھەر يۈزمىڭ كۈن، ھەر كۈن يۈزمىڭ ئاي،
ھەر كۈن مىڭ سائەت، ھەر سائەت مىڭ يىل[12].

دېمەك، مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا كۆچۈرگۈچى كاتىپىنىڭ (ياكى نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ) ئىجادىي يول تۇتقانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەپسۇس، مەزكۇر كىتابتىمۇ تەرجىمان، كۆچۈرگۈچى، ئاساسلانغان مەنبە ۋە نەشرگە تەييارلاشتا قانداق يول تۇتقانلىقى قاتارلىق ئىلمىي تەتقىقاتتا كەم بولسا بولمايدىغان ئۇچۇرلار ئەسكەرتىلمىگەن.

4. «چاھار دەرۋىش»نىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ۋە يەرلىك كۇتۇپخانىلار، قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىلىرىدا ساقلانغان نۇسخىلىرى:

«چاھار دەرۋىش» كىتابىنىڭ تۈركىي تىلغا قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىلىرىدىن بىرنەچچە پارچىسى ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمىي ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان. ئۇنىڭ جايلاردىكى ھەرقايسى كۇتۇپخانىلار ۋە قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىلىرىدا يەنە قانچىلىك ساقلانغانلىقى نامەلۇم. ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى 1988 ـ يىلى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى» ناملىق كىتابتا كۆرسىتىلگەن ئۈچ نۇسخىنى مەسالغا ئالساقلا، ئۇنىڭ ئۆزبېكىستاندا بۇنىڭدىن 100 نەچچە يىل بۇرۇنلا تاش مەتبەئەدە بېسىلغان بىر قانچە نۇسخىلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇلاردىن بىرى QKX213 نومۇردا ساقلانغان «چاھار دەرۋىش» بولۇپ، 1332 ـ يىلى (مىلادىيە 1912 ــ 1913 ـ يىللىرى) بۇخارادا تاش مەتبەدە بېسىلغان نۇسخا. بۇنىڭ ئاپتورى مىرزا قۇربان دېيىلگەن بولۇپ، ئېھتىمال تەرجىمانىنى كۆرسەتسە كېرەك. ئىككىنچىسى، QKX666 نومۇردا ساقلانغان چاغاتايچە قول يازما بولۇپ، ئاپتورى، ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىل دەۋرى ئېنىق ئەمەس. ئۈچىنچىسى، QKX698 نومۇردا ساقلانغان «چاھار دەرۋىش» بولۇپ، ئاپتورى ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋىي. ھىجرىيە 1324 ـ يىلى تاشكەنتتە تاش مەتبەئەدە بېسىلغان.[13]

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلىنىۋاتقان ئىككى نۇسخا ئەينى دەۋردىكى يەركەننىڭ ۋالىيسى مىر يۇنۇسنىڭ ئەمرى بىلەن قاسىم بېگىم دېگەن كىشى چاغاتاي تىلىغا ئىجادىي تەرجىمە قىلغان نۇسخا بو-

لۇپ، كۆچۈرگۈچىلىرى ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئابلىمىت ئەھەت نەشرگە تەييارلاپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلدۇرغان. بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلار يۇقىرىدا بېرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئەسەرنىڭ 19 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئاقسۇلۇق موللا ئابدۇرەھمان ئاقسۇيى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىسىنىڭ بارلىقى مەلۇم.[14] بۇ ئېھتىمال «تەنبىھاتى دەرۋىشىيە»نىڭ كۆچۈرۈلمىسى بولۇشى مۇمكىن.

5. موللا فەنائىي ۋە ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسىرى «خەمسەتۇل ھېكايات»

بۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا «چاھار دەرۋىش» ھېكايىلىرى ئاساسىدا يېزىلغان ياكى قايتا ئىجاد قىلىنغان يەنە بىر مۇھىم يادىكارلىق بولۇپ، بۇ ئەسەر تۆت دەرۋىشنىڭ ھېكايىسى بىلەن پادىشاھ ئازادە بەختىنىڭ ھېكايىسى قوشۇلۇپ بەش چوڭ ھېكايىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا شۇنداق دەپ ئاتالغان. ئەسەرنىڭ قول يازما نۇسخىسى خوتەندىن تېپىلغان بولۇپ، قول يازمىنىڭ قەغىزى، مۇقاۋىلىنىشى ۋە خەت شەكلىگە ئاساسەن 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۆچۈرۈلگەن بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىنىشقا بولىدۇ. مۇقاۋىسى كۆندىن نەقىشلىك قىلىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، نەقىشلەر ئىچىگە مۇقاۋا ئىشلىگۈچىنىڭ ئىسمى پۈتۈلگەن. ئەسەر ئاپتورىنىڭ تولۇق ئىسمى، ياشىغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. ئەسەردە ئاپتورنىڭ «فەنائىي» دېگەن تەخەللۇسى تىلغا ئېلىنغان. ئەسەرنىڭ بېشىدىكى ھەمدۇسانا قىسمى، پادىشاھ ئازادە بەختىنىڭ تۆت دەرۋىشنى ئۇچراتقانلىقى ھەمدە بىرىنچى دەرۋىشنىڭ ھېكايىسى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى يازما داستانچىلىق ئەنئەنىسى بويىچە مەسنەۋى شەكلىدە نەزم بىلەن، قالغان قىسمى نەسرىي يول بىلەن بايان قىلىنغان[15]. ئەسەرنىڭ بۇ قىسمى ھۆرلىقا سېيىت تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىللىق 2 ـ، 3 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ بىر ئۆزگىچىلىكى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا ئاپتور كىلاسسىك داستانچىلىق ئەنئەنىسى بويىچە، بولۇپمۇ نەۋايىنىڭ «خەمسە» داستانلىرىدىن ئۈرنەك ئېلىپ، ئەسەرنىڭ نەزم قىسمىنى مەسنەۋى شەكلىدە، ھېكايىلەرنىڭ ھەربىر بۆلىكىدىكى ۋەقەلەردىن ئۇچۇر بەرگۈچى مەزمۇنلارنى شۇ بۆلەكنىڭ ماۋزۇسى سۈپىتىدە يېزىپ چىققان. بۇ ئەھۋال مەزكۇر ئەسەرنىڭ شەرق ئەدەبىياتىدىكى «خەمسە»چىلىك ھادىسىسىنىڭ تەسىرىدە رەسمىي تۈردە يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنى ئەسەر ماۋزۇسىدىنمۇ ھېس قىلغىلى بولىدۇ. دىققەتكە سازاۋەر يەنە بىر نۇقتا شۇكى، كىتابنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا، ئۇنىڭ ئەسلىي پارسچە نەسرىي تەرتىپتە ئىكەنلىكى ۋە خوجا ھافىز شىرازىي تەرىپىدىن شېئىرى يول بىلەن قايتا ئىجاد قىلىغانلىقىدىن ئۇچۇر بەرگۈچى مەزمۇنلار بار:

دەفتەرىيدۇركى مەتلەئى ھەيرەت،
قىسسەئىدۇركى مەقتەئى غۇربەت.
شىرى مەئنى مۇسەننىفى رازى،
خاجە ھافىز ۋەلىئى شىرازى.
جەمئ قىلمىشكى بۇ كىتابەتنى،
نەسر تەرتىپ ئىلە ئىبارەتنى.
فەھم قىلدىم ئەجىب رىۋاياتى،
ئاڭلادىم ھەم غەرىب ھىكاياتى.

ياڭى باشتىن يانىپ فىراق ئوتى،
تۇشتى جانىمغا ئىشتىياق ئوتى.
نەزم قىلماق بولۇپ ماڭا مەتلۇب،
بولغاي ئەلفازى تۈرك ئىلە مەكتۇب.
دىلبەرى فارسىنى كەلتۈردۇم،
خىلئەتى تۈركىن ئاڭا كىيدۈردۇم.
نەزمىدىن بەردىم ئانچە ئارايىش،
تاپقاي ئول سايىر ئاندا ئاسايىش.[16]

6. «چاھار دەرۋىش»نىڭ ئابدۇرەھىم نىزارىي، نورۇز ئاخۇن زىيائىيلار تەرىپىدىن تولۇق نەزم شەكلىدە داستانلاشتۇرۇلغان نۇسخىسى

كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن «چاھار دەرۋىش» تېپىدىكى ئەسەرلەر ئىچىدە ئابدۇرەھىم نىزارىي بىلەن نورۇز ئاخۇن زىيائىي تەرىپىدىن تولۇق شېئىر شەكلىدە يېزىلغان نۇسخىسى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئەسەر ئابدۇرېھىم نىزارىي، نورۇز ئاخۇن زىيائىي ۋە تۇردۇش ئاخۇن غېرىبىيلار تەرىپىدىن يېزىلىپ، كېيىنكىلەر تەرىپىدىن «مۇھەببەت داستانلىرى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك توپلامغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، مەزكۇر توپلامنىڭ «غېرىبلار ھېكايىتى» دەپ ئاتىلىشىمۇ مەلۇم جەھەتتىن مۇشۇ ئەسەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «غېرىبلار» ئەمەلىيەتتە مەزكۇر ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئاشىق دەرۋىشلەرگە قارىتىلغان. شۇڭا، «چاھار دەرۋىش» تېپىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئايرىم نۇسخىلىرىدا «غېرىبلار ھېكايىتى» دېگەندەك تەرىپلەرمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. ئابدۇرېھىم نىزارىي بىلەن نورۇز ئاخۇن زىيائىي بىرلىشىپ يېزىپ چىققان «چاھار دەرۋىش» «خەمسە»چىلىك ئەنئەنىسى بويىچە داستانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئىلگىرىكى «خەمسە» ئاپتورلىرىنىڭ قوللانغان شېئىرىي ۋەزنى ۋە باياناچىلىق ئۇسلۇبىنى ئۆلچەم قىلىپ يېزىلغان. ئەسەر بەش چوڭ قىسىمدىن تەركىب تاپقاندىن باشقا، باشتىن ـ ئاخىر مەسنەۋى شەكلىدە، شۇنداقلا ھەرقايسى تارماق ماۋزۇلار ئاشۇ بۆلەكتىكى ۋەقەلەرنىڭ ئىخچام تونۇشتۇرۇلىشى سۈپىتىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھەربىر ماۋزۇ ئاخىرلاشقاندا، ساقىغا ۋە ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىش يولى بىلەن ئاپتورنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتى، پېرسوناژلار تەقدىرىگە بولغان ئېچىنىش ۋە ھېسداشلىق تۇيغۇلىرى، ئاپتورنىڭ لىرىك كەچمىشلىرى ۋە مۇھەببەت، ھايات ھەققىدىكى پەلسەپىۋى مەزمۇنلار قوشۇمچە قىلىنغان. داستاننىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدىكى بىر ئۆزگىچىلىك شۇكى، ئەسەر ئىككى شائىر تەرىپىدىن يېزىلغان. بۇ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا كەم كۆرۈلىدىغان ھادىسە. ئەسەر ئاشۇ دەۋردىكى كىلاسسىك داستانچىلىقىمىزنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋاقتىنچە «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپ نام قويۇلغان چوڭ ھەجىملىك داستانلار توپلىمىنىڭ بىر قول يازما نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا 009 نومۇردا ساقلانغان بولۇپ، 50 ـ يىللاردا خەلق ئارىسىدىن يىغىۋېلىنغان. كىتاب گەرچە تولۇق بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىكى «رابىيە ـ سەئىدىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «فەرھاد ـ شىرىن»، «مەھزۇن ـ گۇلنىسا»، «ۋامىق ـ ئۇزرا»، «بەھرام ـ دىلئارام» داستانلىرى تولۇق ساقلانغاندىن باشقا، «چاھار دەرۋىش» داستانىمۇ ئاساسەن تولۇق ساقلانغان (ئىككىنچى دەرۋىشنىڭ سەرگۈزەشتە باياني بىلەن خوجا سەگپەرەس سەرگۈزەشتىسى ھەققىدىكى بىر نەچچە بېيىت كەم[17]). شۇنداقتىمۇ «چاھار دەرۋىش» داستانى كىتابتا خېلى چوڭ سەھىپىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، تەخمىنەن 14280 مىسرادىن ئاشىدۇ. داستاننىڭ بۇ نۇسخىسى ئىسراپىل يۈسۈپ تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 14 ـ سانىدا ۋە 16 ـ، 17 ـ، 18 ـ، 19 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان. 14 ـ سانىغا بېسىلغان قىسمى ئابدۇرەھىم نىزارىي نامىدا، قالغان قىسمى ئابدۇرەھىم نىزارىي بىلەن نورۇز ئاخۇن زىيائىي نامىدا بېرىلگەن. چۈنكى، نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى «مۇھەببەت داستانلىرى» نامىدا تىزىمغا ئېلىنغان توپلامنى تېخىمۇ ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭدىكى كىرىش قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا «فەرھاد ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «مەھزۇن ـ گۇلنىسا»، «رابىيە ـ سەئىدىن» قاتارلىق داستانلارنىڭ ئاخىرىغا نىزارىي تەخەللۇسى، «ۋامۇق ـ ئۇزرا»، «مەسئۇد ـ دىلئارا» داستانلىرىنىڭ ئاخىرىغا نورۇز ئاخۇن زىيائىينىڭ تەخەللۇسى،

«بەھرام ـ دىلئارام» داستانىنىڭ ئاخىرىغا تۇردى نازىم غەرىبىينىڭ تەخەللۇسى بېرىلگەنلىكىنى، «چاھار دەرۋىش» داستانىنىڭ بولسا مۇقەددىمە بىلەن بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرۋىش ھېكايىسى، شۇنداقلا خاتىمە قىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ، خوجا سەگپەرەس ھېكايىسى بىلەن تۆتىنچى دەرۋىش ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىغا نورۇز ئاخۇن زىيائىينىڭ تەخەللۇسى بېرىلگەنلىكىنى بايقىغان[18]. ئەمما بەزى كىتابلاردا داستانىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، تۆتىنچى دەرۋىش ھېكايىلىرى زىيائىي قەلىمىگە تەئەللۇق دەپ يېزىلغان[19]. داستانىنى نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئەسىر 14 ـ ئەسىردە ھىندىستاندا ياشىغان شائىر ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىي تەرىپىدىن پارس تىلىدا نەسرىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان بولۇپ، كېيىن خوتەندە تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغان. تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىسمى ۋە ئەسەرنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى بىزگە مەلۇم ئەمەس.[20]

ئابدۇرېھىم نىزارىي، نورۇز ئاخۇن زىيائىيلار بىرلىشىپ يازغان «چاھار دەرۋىش» داستانىنىڭ ۋەقەلىكى 1981 ـ يىلى توختى ئابىخانىنىڭ، 2000 ـ يىلى مۇھەممەت ئوسمانىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «چاھار دەرۋىش» ۋە «تەنبىھاتى دەرۋىشىيە» كىتابلىرىنىڭ ۋەقەلىكىگە پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئوخشايدۇ. ئەمما ئاتاقلىق شائىرلىرىمىزدىن بولغان ئابدۇرەھىم نىزارىي بىلەن نورۇز ئاخۇن زىيائىي مەزكۇر ئەسەرنى نەزملەشتۈرۈشتە ئۆزلىرىنىڭ شېئىرىيەتتىكى ماھارىتى ۋە قابىلىيىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، پۈتۈن ۋەقەلىكنى شېئىرىي يول بىلەن جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. نۇرغۇن جايلىرىغا ساقىنامە، پەندىنامىلەرنى قوشۇپ، ئۇنىڭ بەدىئىيلىكى ۋە تەربىيەۋى قىممىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. داستانىنىڭ تىلى ھازىرقى زامان تىلىمىزغا خېلى يېقىن بولۇپ، ئەسەر تىلىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شىۋىسى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.[21] ئەسەردە شائىرلارنىڭ نەۋايىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلھام ۋە ئۈرنەك ئالغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

كىشى زاتىدا جىلۋەگەر بولسا مىھر،
ئانىڭ ئەكلى قەھر بەلكى ئاشامى زەھر.

كىشى ئىشقسىز، دەيدۇر ئانى ئېشەك،
داغى دەردى يوق ئادەمىدۇر كېسەك[22].

دېمەك، بۇ يەردە نەۋايىنىڭ سۆزى ئەينى نەقل قىلىپ ئېلىنغان. داستاندا شائىرلارنىڭ ھېكايە ۋەقەلىكى ۋە پېرسوناژلار تەقدىرىگە بىرلەشتۈرۈپ بېرىلگەن لىرىك تۈيغۇلىرى ۋە پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرى خېلى سالماقنى ئىگىلىگەن، ئۈرنەك:

بەتەرىقى مەۋئىزە

جەھان كارىدۇر بەندەگە ئارىيەت،
كۆڭۈل بەرمەگەي، بولسا ئىنسانىيەت.
مەجازەن بىرەۋگە كۆڭۈل بەرسە كىم،
ئۆزى پاك بولسا مىزاجى سەلىم.

تەھەققۇق سارى بولغۇسى راھبەر،
كى يارى ھەققىدىن ئولغاي ئەسەر.
ئانىڭ يولىدا دەرد راھەت ماڭا،
كەشق ئەمرلەردۇر لەتافەت ئاڭا.

كىشى ئىشق ئارا فىئلى خايىندۇرۇر،
كى ئىنسان ئەمەس، ئەبلەھ ئايىندۇرۇر.
تۇت، ئەي ساقىي، جامى مۇھەببەت ماڭا،
ئانى نۇش ئېتىپ ئەيلەي ئۇلفەت ساڭا.

چۇ غەم تىغى ئەتتى نىزارىينى چاك،
بۇ ئەندۇھ بىرلە بولۇپدۇر ھەلاك.
ئانىڭ زەۋقىدە ئۆزنى ئەيلەي ھەيات،
كى ئىزھار ئېتەي ئىشقدىن كۆپ نۇكات[23].

7. «چاھار دەرۋىش» ھېكايىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى

«چاھار دەرۋىش» كىتابى خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇر تىلىغا ئىجادىي تەرجىمە قىلىنىپ ۋە كىلاسسىك ئەدەبلىرىمىز تەرىپىدىن قايتا ئىجاد قىلىنىپ خەلقىمىزگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى تەسىرى خۇددى «كەلىلە ۋە دېمنە»، «تۇتىنامە»، «مىڭبىر كېچە» قاتارلىقلارغا ئوخشاشلا كەڭ ھەم چوڭقۇر. مەسىلەن، موللا سەنجار ئىبنى ئىبراھىم قەشقەرىي تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «جامىئۇل ـ ھېكايات» ناملىق توپلام بىلەن ئابدۇرەھمان ئاقسۇيى تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلغان «جامىئىي ھېكايە» ناملىق كىتابنى ئالساق، بۇ ئىككى كىتاب تۈزۈلۈش جەھەتتىن، شۇنداقلا تىل ئىشلىتىش جەھەتتىن «چاھار دەرۋىش»نىڭ ئەندىزىسىدىن پايدىلانغان. بولۇپمۇ «جامىئۇل ـ ھېكايات»تىكى «پادىشاھ ئازادە بەخت ۋە بەختىيار ھېكايىسى» بىلەن «جامىئىي ھېكايە»دىكى «چۆلدىكى بوۋاق» نامدا بېرىلگەن ھېكايىلەر تۈزۈلۈش ۋە بايانچىلىق جەھەتتىن ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «جامىئىي ھېكايە» تەركىبىدىكى «پادىشاھ ئادىلخان» ھېكايىسى «چاھار دەرۋىش»تىكىگە ئوخشاشلا «دەرۋىشلەر»نىڭ ھېكايىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا پادىشاھنىڭ پۇقرالارنىڭ ھال ـ كۈننى بىلمەك ئۈچۈن ئايلىنىپ بىر گۆرىستانغا بارغانلىقى، ئۇ يەردە ئۈچ قەلەندەرنى ئۇچرىتىپ قالغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئوردىسىغا چاقىرتىپ كېلىپ ئۆزلىرى ئېيتقان بېيىتلارنىڭ مەنىسىنى سورىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن قەلەندەرلەرنىڭ بىر ـ بىرلەپ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شۇ كىتابتىكى «پادىشاھ كۆكپىن ھېكايىسى» 12 تارماق ھېكايىدىن، «چۆلدىكى بوۋاق» ھېكايىسى بولسا 10 ھېكايىدىن تەركىب تاپقان. «چۆلدىكى بوۋاق» ھېكايىسى بىلەن «جامىئۇل ـ ھېكايات»تىكى «پادىشاھ ئازادە بەخت ۋە بەختىيار ھېكايىسى» ئەسلىي بىر مەنبەدىن ئېلىنغان.

«چاھار دەرۋىش» ھېكايىلىرىنىڭ باشلىنىش قىسمى ۋە ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم ھېكايىلەر ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا روشەن تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇنىڭغا مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرۈش مۇمكىن: «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»نىڭ 16 ـ تومىدا «ئادىلخان پادىشاھ ۋە ئۈچ دەرۋىش» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ھېكايە بار. ئۇنىڭدا پادىشاھنىڭ كېچىلىرى ئايلىنىپ پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەيدىغان ئادىتىنىڭ بارلىقى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئادىتى بويىچە ئايلىنىپ يۈرسە بىر يەردىن غۇۋا يېنىپ تۇرغان بىر شامنىڭ يورۇقىغا كۆزى چۈشكەنلىكى، شۇ يەرگە بېرىپ قارىسا، بىر ئەسكى تاملىق ئىچىدە ئۈچ دەرۋىشنىڭ ئولتۇرغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئوردىسىغا چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلار ئېيتقان بېيىتلارنىڭ مەنىسىنى سورىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ دەرۋىشنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ[24]. مەزكۇر ھېكايە بىلەن يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «جامىئۇل ـ ھېكايات»تىكى «پادىشاھ ئادىلخان ھېكايىسى» ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر تارماق ھېكايە «چاھار دەرۋىش»تىكى تۆتىنچى دەرۋىشنىڭ ھېكايىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يەنى ھەر ئىككىسىدە مەلىكە بىلەن توي قىلغان يىگىتنىڭ توي كېچىسى سىرلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلۈپ، قىزنىڭ جىن ـ پەرىلەرنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغانلىقىدەك ۋەقەلىك بار. دېمەك، خەلقىمىز ئىچىدە ئاغزاكى تارقىلىپ كەلگەن «ئادىلخان پا-

دىشاھ ۋە ئۈچ دەرۋىش» چۆچىكىنىڭ «چاھار دەرۋىش» ھېكايىلىرىنىڭ تەسىرىدە تەشكىل تېپىلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى مۇتىفلارنى قوبۇل قىلغانلىقى ئېنىق.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، «چاھار دەرۋىش» تىپىدىكى ئەسەرلەر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا بەلگىلىك سالماقنى ئىگىلەش بىلەن بىللە، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. بۇلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئاساستا تەتقىق قىلىش زۆرۈر ئەلۋەتتە.

ئىزاھلار:

① ئوسمان ئىسمايىل: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي، 137 ـ بەت.

② «بۇلاق»، 2009 ـ يىللىق 2 ـ سان 34 ـ بەت.

③ ئوسمان ئىسمايىل: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىللىق 9 ـ ئاي، 168 ـ بەت.

④ «بۇلاق»، 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان 48 ـ بەت.

⑤ ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، ئىككىنچى كىتاب 1 ـ قىسىم 265 ـ بەت. ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى، 221 ـ بەت.

⑥ ئوسمان ئىسمايىل: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي، 168 ـ بەت.

⑦ «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى نەشرگە تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 11 ـ ئاي، 25 ـ بەت.

⑧ «بۇلاق»، 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان 6 ـ، 7 ـ بەتلەر.

⑨ ئۆمەر خوسرەۋ دېھلەۋىي: «چاھار دەرۋىش»، توختى ئابىخان نەشرگە تەييارلىغان، «قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى 12 ـ ئاي، 26 ـ بەت.

⑩ ئۆمەر خوسرەۋ دېھلەۋىي: «تەنبىھاتى دەرۋىشىيە»، مۇھەممەت ئوسمان نەشرگە تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 7 ـ ئاي، 1 ـ بەت.

⑪ «بۇلاق»، 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان 9 ـ بەت.

⑫ ئۆمەر خوسرەۋ دېھلەۋىي: «تەنبىھاتى دەرۋىشىيە»، مۇھەممەت ئوسمان نەشرگە تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 7 ـ ئاي، 5 ـ بەت.

⑬ «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى نەشرگە تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 11 ـ ئاي، 25 ـ، 26 ـ بەتلەر.

⑭ ئابدۇرەھمان ئاقسۇيى: «جامىئىي ھېكايە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 8 ـ ئاي، 4 ـ بەت.

⑮ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىللىق 2 ـ سان 30 ـ بەت.

⑯ «بۇلاق»، 2009 ـ يىللىق 2 ـ سان 34 ـ بەت.

⑰ «بۇلاق»، ئومۇمىي 14 ـ سان، 194 ـ بەت.

⑱ «بۇلاق»، ئومۇمىي 16 ـ سان، 275 ـ بەت.

⑲ غەيرەتجان ئوسمان باش تەھرىرلىكىدە تۈزۈلگەن ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2 ـ قىسىم، 202 ـ بەت.

⑳ «بۇلاق»، ئومۇمىي 14 ـ سان، 194 ـ بەت.
㉑ «بۇلاق»، ئومۇمىي 14 ـ سان، 195 ـ بەت.
㉒ «بۇلاق» ئومۇمىي 14 ـ سان 247 ـ بەت.
㉓ «بۇلاق» ئومۇمىي 18 ـ سان، 72 ـ بەت.
㉔ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 16 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 2 ـ ئاي، 101 ـ بەت.

پايدىلانىملار:


1. ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىي: «چاھار دەرۋىش»، توختى ئابىخان نەشرگە تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

2. ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىي: «تەنبىھاتى دەرۋىشىيە»، مۇھەممەت ئوسمان نەشرگە تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 7 ـ ئاي.

3. «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى نەشرگە تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 11 ـ ئاي.

4. «نىزارىي داستانلىرى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشچىلىقىدا نەشرگە تەييارلانغان، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى 9 ـ ئاي.

5. موللا سەنجار ئىبنى ئىبراھىم قەشقەرى: «جامىئۇل ـ ھېكايات»، نەشرگە تەييارلىغۇچى نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981ـيىل 12ـئاي.

6. ئابدۇراخمان ئاقسۇيى: «جامئىي ھېكايە»، مۇھەممەت ئوسمان نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى 8 ـ ئاي.

7. «جەۋھەر ھېكايىلەر»، مۇھەممەت ئوسمان تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 11 ـ ئاي.

8. «بۇلاق»، ئومۇمىي 14 ـ، 16 ـ، 17 ـ، 18 ـ، 19 ـ سانلىرى.

9. «بۇلاق»، 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان.

10. «بۇلاق»، 2009 ـ يىللىق 2 ـ، 3 ـ سانلىرى.

11. ئوسمان ئىسمايىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي.

12. غەيرەتجان ئوسمان باش تەھرىرلىكىدە تۈزۈلگەن ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، 2 ـ قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاي.

13. ئىمىنجان ئەخمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

14. ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، ئىككىنچى كىتاپ، 1 ـ قىسىم، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىي ـ مائارىپ بۆلۈمى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى باستۇرغان، 1983 ـ يىلى ئۆكتەبىر.

15 «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (16 ـ توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 2 ـ ئاي.


(ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

# دىيارىمىزدىن تېپىلغان قەدىمكى تىل - يېزىقلاردىكى تېبابەتچىلىككە دائىر بايانلار

1840 - يىللاردىن باشلاپ ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، شۋېتسىيە، دانىيە، فىنلاندىيە، نورۋگىيە، ياپونىيە ۋە روسىيە قاتارلىق يەن تەتقىقات ئىشلىرى راۋاجلانغان دۆلەتلەرنىڭ «ئارخېئولوگ»، «ئىلمىي تەكشۈرگۈچى»، «ئېكسپېدىتسىيەچى»لىرى ئارقا - ئارقىدىن دىيارىمىزغا قەدەم بېسىشى بىلەن خەلقئارادا «غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى» باشلىنىپ كەتتى. ئۇلار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئاجايىپ سىرلىرىنى هارارەتلىك باغرىغا بېسىپ ياتقان تارىم ۋادىسىنى «سىرلىق رايون»، «تىلسىمات» ۋە «يوشۇرۇن ئۆلكە» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاپ، دىيارىمىزدىكى قەدىمكى شەھەر - قەلئە خارابىلىرى بىلەن ئىپتىدائىي قەبرە - يادىكارلىقلاردا ۋە مىڭئۆيلەردە خالىغانچە تەكشۈرۈش - قېزىشلارنى ئېلىپ باردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالتۇندەك كۆز قاماشتۇرىدىغان ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولغىنى ئۇچۇن، يۇرتىمىز دۇنيانىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تونۇلدى.

دىيارىمىزدا ئىككى ئەسىرچە توختىماي تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بارغان بۇ چەت ئەللىكلەر قەدىمكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئانا بۆشۈكى هېسابلانغان تارىم ۋادىسىدىكى نەچچە ئون پارچە قەدىمكى تىل - يېزىقلاردىكى ۋەسىقىلەرنى ئېلىپ كېتىشتى ۋە ئۇلارنى تەتقىق قىلىپ، رەتلەپ ئېلان قىلىشتى.

دەل شۇ چاغلاردا، يەنى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى چەت ئەللىكلەر ھەدەپ دىيارىمىزدا تازا قىزغىن ھەرىكەت قىلىۋاتقان مەزگىللەردە چەت ئەللىك «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» بىلەن يەرلىك ئۇيغۇر «كېپەن ئوغرىلىرى»نىڭ ئالاھىدە بىر ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە شەكىللىنىپ ئۈلگۈردى. نامراتلىق، نادانلىق ۋە جاھالەت تومانلىرى قاپلىغان بۇ زېمىندا چەت ئەللىكلەرنىڭ ئازغىنا پۇلىغا قىزىققان بەزى نادان قېرىنداشلىرىمىز ئەجنەبىيلەرگە ياردەملىشىپ «گۆھەر»ئوقۇشۇپ بېرىش، يول باشلاش، «گۆھەر» قېزىپ بېرىش، خەلق ئىچىدىكى ۋەسىقىلەرنى تېپىپ ئېلىپ بېرىش بىلەن ئۇلارنىڭ قارا قولى تەگمىگەن جايلار قالمىدى. نەتىجىدە چەت ئەللىكلەر بۇ ئۇسۇل بىلەنمۇ ناھايىتى نۇرغۇن قەدىمكى تىل - يېزىقلاردىكى ۋەسىقىلەرنى يىغىپ ئېلىپ كېتىشتى.①

قىسقىسى، ھەرخىل ئۇسۇل ۋە يوللار بىلەن دىيارىمىزدىن ئېلىپ كېتىلگەن نەچچە ئون مىڭ پارچە ۋەسىقىلىرىمىز 19 - ئەسىردىن باشلاپلا چەت ئەللەردە تەتقىق قىلىنغان. چەت ئەل ئالىملىرى دىيارىمىزدىن تېپىلغان 24 خىل تىل، 17 خىل يېزىقتىكى بۇ نۇرغۇن ۋەسىقىلەرنى تىرانسكرىپسىيەگە ئېلىپ ۋە تەرجىمە قىلىپ، ئۆز تىللىرىدا يەشمە بېرىپ، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قى-

uyghurkitap.com

لىشتى. توم ـ توم يۇرۇشلۇك كىتابلارنى ۋە رەسىملىك ئاتلاسلارنى نەشر قىلدۇردى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا دىيارىمىزنىڭ قەدىمكى تېبابەتچىلىكىگە دائىر بىر قىسىم ۋەسىقىلەرمۇ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلدۇرۇلدى.

تۆۋەندە مەن ھازىرغىچە توپلىغان ماتېرىياللىرىمىز ۋە كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىغان تېببىي ۋەسىقىلىرىمىزگە ئاساسەن، دىيارىمىزدىن تېپىلغان قەدىمكى سانسكرىت يېزىقى، ئۇدۇن ساك يېزىقى، كۇچا توخرى يېزىقى، سوغدى يېزىقى، قەندىھار يېزىقى، سۇرىيە يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىبەت يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەرنىڭ تېپىلىشى ھەم تەتقىق قىلىنىشى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى، سانسكرىت يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەر

سانسكرىت يېزىقى — قەدىمدە تارىم ۋادىسىدا ياشاپ، كېيىن بىر قىسمى ھىندىستانغا كۆچۈپ بارغان قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ئارىيانلارنىڭ ئەدەبىي يېزىقىنى كۆرسىتىدۇ. «سانسكرىت» دېگەن سۆز ئارىيان تىلىدا «بېزەلگەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىردىلا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان گىراماتىكىغا ئىگە بۇ يېزىق كېيىنكى ھىندى يېزىقىغا ئاساس سالغان ۋە بۇددا دىنى دەل مۇشۇ يېزىق ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان.

شىنجاڭنىڭ قەشقەر، مارالبېشى، خوتەن، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلىرىدىن ھەتتا دۇنخۇاڭدىن قېيىن قوۋزىقىغا، تارىشىغا، تېرىگە، قەغەزگە يېزىلغان سانسكرىتچە بۇددىزم ئەسەرلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە تېببىي ئەسەرلەر تېپىلدى. تەتقىقاتچىلار بۇ ئەسەرلەرنىڭ يىل دەۋرىنى مىلادىيە 3 — 8 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ دەپ قارايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىگە خاس ئەسەرلەرمۇ بار. دىيارىمىز ئاھالىلىرى قەدىمدە سانسكرىت يېزىقىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭدىن پايدىلانغان ۋە ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان. سانسكرىت تىلى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندا، بىر مۇنچە سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى، مەنىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە يېقىن سۆز تومۇرلىرى بارلىقى سېزىلمەكتە.[2]

1. بوۋېر قول يازما نۇسخىسى

ھازىرغىچە دىيارىمىزدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەر ئىچىدە «بوۋېر قول يازما نۇسخىسى» دەپ ئاتالغان بۇ تېببىي ۋەسىقە تەتقىقات قىممىتى ئەڭ يۇقىرى، خەلقئارادا تەسىرى زور، مەزمۇن دائىرىسى كەڭ ۋە مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە يازما يادىكارلىق دەپ قارىلىدۇ.[3] بۇ تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقە ئەسلىدە 1889 ـ يىلى كۇچا شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر قەدىمكى يادىكارلىق ئورنىدىن تېپىلغان بولۇپ، قېيىن قوۋزىقىغا سانسكرىت يېزىقى بىلەن يېزىلغان. 1890 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك لېيتېنانت دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار بوۋېر ئۇنى يەرلىك كىشىلەرنىڭ قولىدىن سېتىۋالغان. ئەمما بۇ تېببىي ۋەسىقىنىڭ تېمىسى (نامى) يىرتىلىپ، يوقىلىپ كەتكەچكە، ئىلىم ساھەسىدە ئۇنىڭغا نام قويۇش مۇمكىن بولماي، ۋاقىتىنچە «بوۋېر قول يازمىسى» دەپ ئاتاپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. بۇ ۋەسىقە جەمئىي يەتتە قىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ قىسمى تېبابەتچىلىككە دائىر مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپقان، يەتتە قىسىملىق بۇ مەشھۇر ۋەسىقىنىڭ تېپىلىشى دۇنيا ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، «غەربىي دىيار ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى»نىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولغان.[4] كۇچادىن تېپىلغان بۇ سانسكرىت يېزىقىدىكى يەتتە قىسىملىق ۋەسىقە كېيىن ئەنگلىيەنىڭ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بودلىئان كۇتۇپخانىسىغا يىغىپ ساقلانغان.

مەزكۇر ۋەسىقە خەلقئارادا ئەڭ دەسلەپتە ئەنگلىيە ئالىمى خورنلى (1841 — 1918) تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان. ئۇ 1891 ـ يىلى بۇ تېببىي ۋەسىقىنىڭ بىر قىسمىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ

ئېلان قىلغان، كېيىن ئۇ 20 يىللىق تەتقىقات ھاياتىنى بۇ ۋەسىقىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلاپ، پۈتۈن ۋەسىقىنى تىرانسكرىپسىيەلەشتۈرۈپ، ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ، ئۈچ توملۇق ئەسەر قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. 1909 ـ يىلى خورنېلى بۇ قول يازما ۋەسىقىنى يەنە بىر مۇھىم تېبىبىي ۋەسىقە «كاراكا تېبابەتچىلىك توپلىمى»غا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ، «ئاسىيا تەتقىقاتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1909 ـ يىللىق سانىنىڭ 857 ــ 893 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى سانسكرىت تىلى مۇتەخەسسىسى ساندىر «بوۋېر قول يازما نۇسخىسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە دەۋرى ھەققىدە يېڭى مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، مەزكۇر ۋەسىقىنىڭ كېلىش مەنبەسى، يېزىلغان دەۋرى ھەققىدە ئۆز كۆز قارىشىنى بايان قىلغان. ئۇ «بوۋېر قول يازما نۇسخىسى» كەشمىردە يېزىلغان بولۇپ، ئىككى خىل يازما شەكىلدە يېزىلغان. ئۇنىڭ يېزىلغان ۋاقتى 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى بولسا كېرەك، دەپ قارىغان.

ھىندىستانلىق تەتقىقاتچى دومىنىك ۋۇجاستىك 1998 ـ يىلى يېڭى دېھلىدا ئېلان قىلغان «ھاياتلىق ھەققىدىكى بىلىم يىلتىزى» ناملىق تېببىي ئەسىرىدە ساندىرنىڭ كۆز قارىشىنى قۇۋۋەتلىگەن.

سانسكرىت تىلى مۇتەخەسسىسى ب. ن. پۇرى 1996 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزمى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 204 ــ 210 ـ بەتلىرىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى خارابىلاردىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى نۇرغۇن ۋەسىقىلەرنىڭ بەزىسى ھىندىستاندىن ئېقىپ كىرگەن، بەزىسى شۇ جايدا يېزىلغان ياكى تەرجىمە قىلىنغان. ئەنگلىيەلىك بوۋېر كۇچادىن تېپىپ ئېلىپ كەلگەن سانسكرىت يېزىقىدىكى ئۈچ قىسىملىق تېببىي ۋەسىقە ئەمەلىيەتتە ئۈچ خىل كىتاب ئىدى. ئۇنىڭ بىرىدە سامساقنىڭ كېلىپ چىقىشى، دورىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە تەسىرى بايان قىلىنىپ نۇرغۇن كېسەللەرگە شىپا بولىدىغانلىقى ۋە ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئىككىنچى كىتابتا 14 خىل جاھىل خاراكتېرلىك كېسەل ۋە ئۇنى داۋالاشقا دائىر رېتسېپلار يېزىلغان. ئۈچىنچىسى بولسا ‹تېبابەت جەۋھىرى›، دېيىلىپ ئىلگىرىكى تېببىي كىتابلارنىڭ مېغىزىنى تاللىۋالغان، يەنى جاتۇكارنا، كاساراپنى، پاراسارا ۋە سۇسراتا قاتارلىق قەدىمكى تېۋىپلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مېغىزى تاللىۋېلىنغان... ھىندىستاننىڭ بەزى تېببىي ئەسەرلىرى خوتەن تىلىغا ۋە كۇچا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. بەزىسى ھىندى تېبابىتىدىن پايدىلىنىپ يېزىلغان»، دەپ قارىغان.

ئو. ب. جاگگىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن ۋە 1973 ـ يىلى يېڭى دېھلىدا نەشر قىلىنغان «ھىندىستان تېبابەتچىلىكى سىستېمىسى» ناملىق كىتابنىڭ 21 ــ 23 ـ بەتلىرىدە كۇچادىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى ئۈچ قىسىملىق تېببىي ئەسەرنىڭ بىر قىسمى بولغان «تېبابەتچىلىك جەۋھەرلىرى»نىڭ ئاپتورى ۋە مەزمۇنى ھەققىدە توختالغان بولسا، ھىندى ئالىمى ماۋرىك يازغان ۋە 1998 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشر قىلىنغان «ھىندىستان ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ 666 ــ 667 ـ بەتلىرىدە «بوۋېر قول يازما نۇسخىسى»غا ئالاقىدار مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن.

1985 ـ يىلى ھىندىستان ئالىمى شانكا ساخا يازغان ۋە كالكوتتىدا نەشر قىلىنغان «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھىندىستان تېبابىتى ۋەسىقىلىرى» ناملىق كىتابتا «بوۋېر قول يازما نۇسخىسى»نىڭ مەزمۇنى بايان قىلىنغان، ئاپتور ئۇنىڭدىكى تېببىي رېتسېپلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن باشقا، خوتەن تىلىدا يېزىلغان بىر قىسىم تېببىي ۋەسىقىلەر پىراگمېنتلىرىنى تونۇشتۇرغان. 2000 ـ يىلى G . J. Meulenbeld يازغان «ھىندىستان مېدىتسىنا ۋەسىقىلىرى تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ 2 ـ توم 1 ـ قىسمىدا «بوۋېر قول يازما نۇسخىسى»نىڭ مەزمۇنى، ئاپتورى، كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى، ئالاھىدىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇنىۋېرسال تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغانلىقىنى يازغان.

مەملىكەت ئىچىدە بولسا، كۇچادىن تېپىلغان ئۈچ قىسىملىق تېببىي ۋەسىقە «بوۋېر قول يازما نۇسخىسى» توغرىسىدىكى تەتقىقات تۇنجى قېتىم 1948 ـ يىلى خەنزۇچە ئېلان قىلىنغان. يەنى شۇ يىلى سانسكرىت يېزىقىنى تونۇيدىغان جى شيەنلىن ئەپەندى «جۇڭگو ـ ھىندىستان مەدەنىيەت ئالاقىسىدىن جۇڭگودىكى سانسكرىت تىل تەتقىقاتى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە، قەدىمكى ھىندىستان تېبابەتچىلىكىنىڭ جۇڭگو تېبابەتچىلىكىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە مەخسۇس توختالغان ۋە كۇچادىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى ئۈچ قىسىملىق تېببىي ۋەسىقىنى تىلغا ئالغان.[5] ئۇ يەنە 1962 ـ يىلى يېزىپ ئېلان قىلغان «قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق يازغان: «1890 ـ يىلى جۇڭگو شىنجاڭدىن بىر قىسىم سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر پىراگمېنتلىرى تېپىلغان. قارىغاندا، ئۇ ۋەسىقىلەر مىلادىيە 4 ـ ئەسىرلەردىكى ۋەسىقىلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا سامساقنىڭ تېبابەتچىلىكتىكى شىپالىق رولى ۋە خۇسۇسىيىتى بايان قىلىنغان. نۇرغۇن رېتسېپلاردا سامساق ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىن ھىندىستان تېبابەتچىلىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەتراپلىرىغا تارقىلىش ئەھۋالىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.»[6]

1996 ـ يىلى، روڭ شىنجياڭ ئەپەندى ئېلان قىلغان «چەت ئەللەردىكى دۇنخۇاڭ ـ تۇرپان ۋەسىقىلىرىنى كۆرۈش ـ بىلىش خاتىرىلىرى» ناملىق ماقالىسىدە، كۇچادىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ئۈچ قىسىملىق ۋەسىقىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە توختالسا، 1998 ـ يىلى جى شيەنلىن ئەپەندى ئېلان قىلغان «شىنجاڭدا شېكەر قومۇشىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى ۋە قوم شېكەرنىڭ ئىشلىتىلىشى» ناملىق ماقالىسىدە، «بوۋېر قول يازما نۇسخىسى»دىكى تېببىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ شېكەرنىڭ شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ھەققىدە توختالغان.

چېن مىڭ ئەپەندى «ھىندىستان سانسكرىت تىلىدىكى تېببىي قامۇس ‹تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى› تەتقىقاتى» ناملىق كىتابىنىڭ بىرىنچى بۆلۈم بىرىنچى پاراگرافىدا «تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى» بىلەن «بوۋېر قول يازما نۇسخىسى»نى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تېبابەتچىلىك تارىخىدىكى ئەھمىيىتى ھەققىدە مەخسۇس توختالغان.[7] چېن مىڭ ئەپەندى يەنە سانسكرىت يېزىقىغا پۇختا بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقى ۋە خوتەن يېزىقىدىكى قوش تىللىق تېببىي قامۇس ‹جىۋاكا تېببىي دەستۇرى› ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە «بوۋېر قول يازما نۇسخىسى»دىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»نىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مەخسۇس توختالغان.[8]

2. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقى ۋە خوتەن بىراھمىي يېزىقىدىكى قوش تىللىق تېببىي ئەسەر «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»

«جىۋاكا تېببىي دەستۇرى» ئەينى ۋاقىتتا خوتەن تېۋىپلىرى تەرىپىدىن دۇنخۇاڭغا ئېلىپ بېرىلغان مەشھۇر تېببىي قامۇس بولۇپ، 1908 ـ يىلى يەھۇدىي نەسەبىدىن بولغان ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋېنگىرىيەلىك ستەيىن تەرىپىدىن دۇنخۇاڭدىن تېپىپ ئېلىپ كېتىلگەن ۋە لوندوندىكى ھىندىستان ئىشلىرى بۆلۈمى كۇتۇپخانىسىغا (كېيىن ئەنگلىيە كۇتۇپخانىسى شەرق ۋە ھىندىستان ئىشلىرى بۆلۈمى يىغىپ ساقلاش ئورنىغا قوشۇۋېتىلگەن) قويۇلغان، ھازىر ئۇ Ch.iioo3 دېگەن نومۇر (يېڭى قويۇلغان نومۇرى lok khot 87 – 110) بىلەن ساقلانماقتا.

«جىۋاكا تېببىي دەستۇرى» 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادا تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان. يەنى 1907 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك سانسكرىت تىلى مۇتەخەسسىسى پىروفېسسور A.F.R.Hoernle «شىنجاڭدىن كەلتۈرۈلگەن قەدىمكى تېبابەتچىلىككە دائىر بىر پارچە ۋەسىقە» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلـ

غان. كېيىن ئۇ بۇ ھەقتە داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تەتقىقات نەتىجىسىنى «شىنجاڭدىن تېپىلغان بۇددىزم ۋەسىقىلىرىنىڭ قالدۇق ساقلانمىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ جىلدىدا ئېلان قىلغان. ئۇ بۇ ماقالىسىدە «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»نىڭ قول يازما نۇسخىسى، ھەرپ شەكلى، تىلى ۋە مەزمۇنىنى تولۇق شەرھلىگەن.

1938 ـ يىلى سانسكرىت تىلى مۇتەخەسسىسى H.W.Bailey كوپىنھاگىنىدا نەشر قىلدۇرغان «خوتەن ۋەسىقىلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابىدا «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»نىڭ فاكسىمىلىنى ئېلان قىلغان. 1941 ـ يىلى Sten Known ئوۋسلوۋ ئاكادېمىيەسىدە نەشر قىلدۇرغان «خوتەن تىلىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر بىر پارچە ۋەسىقە: ھىندىستان ئىشلىرى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان Ch.ii003 نومۇرلۇق قول يازما» ناملىق ماقالىسىدە «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»نىڭ خوتەن تىلىدىكى قىسمىنى ئېنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان ھەمدە پۈتۈن تېكىستنى 92 ماددىغا بۆلگەن. ھەربىر ماددىسىدا بىر رېتسېپ بولغان، تەرجىمىگە قوشۇمچە سۆزلۈك جەدۋىلى ئورۇنلاشتۇرغان.

1945 ـ يىلى پىروفېسسور H .W. Bailey ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا نەشر قىلدۇرغان «خوتەن تىلىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى»نىڭ 1 ـ توم 136 — 195 ـ بەتلىرىدە «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»نىڭ خوتەن تىلىدىكى قىسمىنى تىرانسكرىپسىيە قىلىپ چىققان. 1946 ـ يىلى فىرانسىيەلىك ئالىم ژان فىللوزات «ئاسىيا تەتقىقاتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 46 — 47 ـ يىللىق توپلىمىنىڭ 134 — 135 ـ بەتلىرىدە Bailey نىڭ يۇقىرىقى كىتابىغا يازغان ئوبزورىدا «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»دىكى بەش پارچە رېتسېپنىڭ «كاراكا تېببىي توپلىمى»دىن كەلگەنلىكىنى يازغان.

1969 ـ يىلى H .W. Bailey ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا نەشر قىلدۇرغان «خوتەن تىلىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى»نىڭ 1 — 3 ـ قىسىملىرىدا ئۇ 1945 ـ يىلى ئېلان قىلغان «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى» ھەققىدىكى ماقالىسىدىكى خاتالىقلارنى تۈزەتكەن.

1983 ـ يىلى Bailey كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا نەشر قىلدۇرغان «كامبرىج ئىران تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 34 ـ بابى بولغان «خوتەن ساك تىلىدىكى ۋەسىقىلەر» قىسمىدا «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»نىڭ خوتەن تىلىدىكى قىسمىنى تەرجىمە قىلغان ۋە يەشمە ـ ئىزاھاتلار بەرگەن.

خەلقئارادا «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»نى ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ كۆپ تەتقىق قىلغان ئالىم مەشھۇر تىلشۇناس R.E.Emmerick بولۇپ، ئۇ 1979 ـ يىلدىن 1994 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مۇشۇ ۋەسىقە ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان، نۇرغۇن كىتاب ۋە ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان.⑨

جۇڭگودا بولسا، 1997 ـ يىلى جى شيەنلىن ئەپەندى «شىنجاڭدا شېكەر قومۇشىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى ۋە شېكەرنىڭ ئىشلىتىلىشى»⑩ ناملىق ماقالىسىدە، 1998 ـ يىلى رۇڭ شىنجياڭ «دۇنخۇاڭشۇناسلىق چوڭ لۇغىتى»⑪غا يازغان قىسقىچە سۆزلۈكتە «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»نى قىسقىچە تىلغا ئالغان. 2011 ـ يىلى چىن مىڭ «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان سانسكرىت تىلى ۋە خوتەن تىلىدىكى تېببىي قامۇس ‹جىۋاكا تېببىي دەستۇرى›دىكى ئون خىل چۈرۈك دورا رېتسېپلىرىنى يېشىش» ناملىق ماقالىسىنى⑫، 2011 ـ يىلى «ھىندىستان قەدىمكى تېبابىتىدىكى جىۋاكا رېتسېپلىرى» ناملىق ماقالىسىنى⑬، 2003 ـ يىلى «جىۋاكا ئوبرازىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ دۇنخۇاڭ، تۇرپان رايونلىرىدىكى ئوبرازى» ناملىق ماقالىسىنى⑭ ئېلان قىلدى.

3. تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەر پىراگمېنتلىرى

گېرمانىيە تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپان قاتارلىق جايلارغا ئۇدا تۆت قېتىم كېلىپ نەچچە

مىڭ پارچە قەدىمكى ۋەسىقىلەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن[15]، بۇلارنىڭ ئارىسىدا سانسكرىت يېزىقىدا يېزىلغان تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەرمۇ بار ئىدى. بۇلارنى گېرمانىيە ئالىملىرىدىن Heinrikh Lüders تۇنجى قېتىم تەتقىق قىلغان. ئۇ ئېرلاندىيەدە 1927 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «شىنجاڭدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەر ھەققىدە» ناملىق كىتابىنىڭ 148 ـــ 162 ـ بەتلىرىدە «بىلا تېبىبىي توپلىمى»نى تونۇشتۇرغان. بۇ تېبىبىي توپلام گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيەچىسى Albirt Won Lecoq تەرىپىدىن تۇرپاندىكى تۇيۇقتىن تېپىپ ئېلىپ كېتىلگەن. ئۇنىڭ مەزمۇنى «بىلا تېبىبىي توپلىمى»نىڭ كېسەلشۇناسلىق قىسمى 8 ـ بابىنىڭ ئاخىرقى قىسمى ھەمدە قورساق كۆتۈرۈش ۋە تۇغۇت قىسمىنىڭ 1 ـ بابىنىڭ پىراگمېنتلىرى بولۇپ، ئۇ گېرمانىيە ئالىملىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان، 1997 ـ يىلى ياپونىيە ئالىمى ياماشىتا سۇتومۇ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇ توپلاپ تۈزگەن «تۇرپاندىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى»نىڭ 1 ـ، 8 ـ قىسىملىرىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر مەزمۇنلار تۆۋەندىكىچە:

1653t نۇرلۇق ۋەسىقە: تۇرپاندىن تېپىلغان، ئالدى ـ كەينىدە 20 قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان، مەزمۇنى «بىلا تېبىبىي توپلىمى»نىڭ قالدۇقى 1 ـ قىسىم 287 ـ بەتكە كىرگۈزۈلگەن، بۇنى لۇدېرس تەتقىق قىلغان.

1654t نومۇرلۇق ۋەسىقە: تۆت قۇر خېتى ساقلىنىپ قالغان، مەزمۇنى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 1 ـ قىسىم 288 ـ بەتكە كىرگۈزۈلگەن.

1658t نومۇرلۇق ۋەسىقە: تۇرپاندىن تېپىلغان، 12 قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان، لۇدېرس تەتقىق قىلغان، 1 ـ قىسىم 288 ـ بەتكە كىرگۈزۈلگەن.

گېرمانىيە تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ 3 ـ قېتىم قىزىل مىڭئۆيدىن تاپقان ۋەسىقىلىرى:

1651k نومۇرلۇق ۋەسىقە: ئالتە قۇر خېتى ساقلىنىپ قالغان، Lüders تەتقىق قىلغان، 1 ـ قىسىم 11 ـ بەتكە كىرگۈزۈلگەن.

1650k نومۇرلۇق ۋەسىقە: ئىككى پارچە، ئالدى ـ كەينىگە جەمئىي 7 قۇردىن خەت يېزىلغان بولۇپ، ھەجمى 6.5×5cm ـــ 6.5cm، تۇپلەنگەن، مەزمۇنى قورساق كۆتۈرۈش ۋە تۇغۇش بابىنىڭ ئاخىرى، 3 ـ قىسىم 47 ـــ 49 ـ بەتكە كىرگۈزۈلگەن.

1655k نومۇرلۇق ۋەسىقە: 5 بەت، ئالدى ـ كەينىگە ئۈچ قۇردىن خەت يېزىلغان، ترانسكرىپسىيە قىلىنىپ ئىزاھلانغان، كىتاب شەكلىدە، 3 ـ قىسىم 49 ـــ 51 ـ بەتكە كىرگۈزۈلگەن.

1656k نومۇرلۇق ۋەسىقە: 4 باب، ھەربېتىگە تۆت قۇر خەت يېزىلغان، 3 ـ قىسىم 52 ـ بەتكە كىرگۈزۈلگەن.

1657k نومۇرلۇق ۋەسىقە: ئالدى ـ كەينىگە تۆت قۇردىن خەت يېزىلغان، ترانسكرىپسىيە قىلىنىپ ئېلان قىلىنىپ ئىزاھلانغان، 3 ـ قىسىم 53 ـ بەتكە كىرگۈزۈلگەن.

1659k نومۇرلۇق ۋەسىقە: ئالدى ـ كەينىگە 7 قۇردىن خەت يېزىلغان، ترانسكرىپسىيە قىلىنىپ ئىزاھلانغان، 3 ـ قىسىم 53 ـــ 54 ـ بەتكە كىرگۈزۈلگەن.

1437k نومۇرلۇق ۋەسىقە: ئالدىغا 5 قۇر، كەينىگە 4 قۇر خەت يېزىلغان، مەزمۇنى رېتسېپ ۋە دوراناملىرى، 3 ـ قىسىم 167 ـ بەتكە كىرگۈزۈلگەن.[16]

1663k نومۇرلۇق ۋەسىقە: ئالتە قۇر خېتى بار، نامەلۇم تېبىبىي ئەسەر قالدۇقى.

1Vorl . Nr . Kho نومۇرلۇق ۋەسىقە: 12 قۇر خېتى بار، ئالدى رېتسېپ، كەينى «Carmavakana» دەپ ئاتالغان يەنە بىر تېبىبىي ئەسەرنىڭ قالدۇقى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «تۇرپاندىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى»غا كىرگۈ-

زۇلگەن، ئەمما تۇرپاندىن ياكى ئاقسۇنىڭ بايدىكى قىزىل مىڭئۆيدىن تېپىلغانلىقى ئېنىقلانمىغان Vorl.nr.y.398 قاتارلىق 6 پارچە ۋەسىقىدىمۇ رېتسېپلار، كېسەللىكلەر نامى، دورا ـ دەرمەك نامىلىرى خاتىرىلەنگەن. بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئارىسىدا «تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى»نىڭ 4 ـ بابى بولغان «ئۆلۈمنىڭ بېشارىتى» دېگەن بىر ئابزاس ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، «تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى»نىڭ دىيارىمىزدا خېلى كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدىكى ئالتە پارچە ۋەسىقە گېرمانىيەلىك Lüders ئەپەندى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان ھەمدە ھىندىستانلىق تېبابەت تارىخچىسى R.P.Das 1997 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «ھىندىستان كىلاسسىك تېببىي ئەسەرلىرى تەتقىقاتى گېرمانىيەدە» ناملىق كىتابىنىڭ 1 ـ بەتلىرىگە كىرگۈزۈلگەن.

4. كۇچادىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقى ۋە كۇچا توخرى يېزىقىدىكى قوش تىللىق تېببىي ئەسەر «يۈز خىل تېببىي رېتسېپ»نىڭ پىراگمېنتلىرى «يۈز خىل تېببىي رېتسېپلار» ئەسلىدە ناگارجۇنانىڭ [17] ھىندىستان سانسكرىت تىلىدا يازغان رېتسېپلار توپلىمى بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 8 ــ 9 ـ ئەسىرلەردە غەربىي دىيار تېۋىپلىرى تەرىپىدىن تىبەتچىگە تەرجىمە قىلىنغان، ھازىر ئۇ تىبەت يېزىقىدىكى «بۈيۈك نوم»نىڭ «دەنجۇر» قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن. ئەمما كۇچادىن تېپىلغان نۇسخىسىنىڭ پىراگمېنتلىرى 1948 ـ يىلى ژان فىللوزات تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان. ئۇ «كۇچا توخرى تىلىدىكى تېبابەتچىلىككە، پالچىلىققا دائىر ۋەسىقىلەر پىراگمېنتلىرى» ناملىق ئەسىرىدە فىرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ ۋەسىقىنى ترانسكرىپسىيە قىلىپ، فىرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئۇنىڭدا ھەرخىل كېسەللىكلەر ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى، ھەرخىل رېتسېپلار، دورا ـ دەرمەك نامىلىرى بايان قىلىنغان.

5. ياپونىيەلىك ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ دىيارىمىزدىن ئېلىپ كەتكەن سانسكرىت يېزىقىدىكى تېببىي ۋەسىقىلەر

ياپونىيە ئەنجىھار پاك تۇپراق چىن يىلتىز غەرب خاھىش ئىبادەتگاھىنىڭ 24 ـ ئەۋلاد راھىب كالانى ئوتانى كوزى 1902 ــ 1910 ـ يىللىرىغىچە شىنجاڭغا ئۈچ قېتىم قېزىش ـ تەكشۈرۈش ئەترىتىنى ئەۋەتكەن. ياپونلار دىيارىمىزدىن نەچچە مىڭ پارچە قەدىمكى ۋەسىقىنى تېپىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىككە دائىر ۋەسىقىلەرمۇ بولغان. دىيارىمىزدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەر ياپونىيە ئالىمى سانادا يۈمى يازغان ۋە 1961 ـ يىلى ياپونىيەنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىسىدا (法藏馆) ياپونچە نەشر قىلىنغان «ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئېلىپ كەلگەن سانسكرىت يېزىقىدىكى بۇددىزم كالاملىرى ماتېرىياللىرى» ناملىق كىتابنىڭ 49 ــ 118 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان. بۇ كىتابقا ئاساسلانغاندا، دىيارىمىزدىن ياپونىيەگە ئېلىپ كېتىلگەن سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ئىچىدە تېبابەتچىلىككە دائىر ئەڭ مۇھىم ئۈچ كىتاب بولۇپ، ئۇلارنىڭ ساقلىنىش نومۇرى 618، 619 ۋە 620 ئىكەن، بۇ ھەقتىكى كونكرېت خاتىرىلەر مۇنداق:

618 نومۇرلۇق: «سەككىز خىل داۋالاش ئۇسۇلى»

619 نومۇرلۇق: «كېسەللىكنى بەلگىلەش»، ئاپتورى Madhavakara، يەنە بىرى «كېسەللىشۇناسلىق ئەسىرى»

620 نومۇرلۇقى: «مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يوگا»، ئاپتورى Vrnda، يەنە بىرى، «قىزىتما كېسىلى، زەھەرلىنىش»، يۇقىرىدىكى تېببىي كىتابلار «رىيوكوكۇ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان سانسكرىت يېزىقىدىكى بۇددىزم ۋەسىقىلىرى كاتالوگى»غا كىرگۈزۈلگەن. مەسىلەن:

618 نومۇرلۇق ۋەسىقە قاتتىق ئاق قەغەزگە يېزىلغان، فورماتى 54.5 × 4.8cm، ھەربىر بېتىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

يەتتە قۇر خەت يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 236 بەت، تولۇق ئەمەس.

619 نومۇرلۇق ۋەسىقە، قاتتىق ئاق قەغەزگە يېزىلغان، فورماتى 5.3cm × 34cm، ھەربىر بېتىگە بەش قۇر خەت يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 17 بەت، تولۇق ئەمەس.

620 نومۇرلۇق ۋەسىقە، فورماتى 5.3cm × 34cm، ھەربىر بېتىگە ئالتە قۇر خەت يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 177 بەت، تولۇق ئەمەس.

يۇقىرىدىن ئېلىپ كېتىلگەن ۋە ھازىر ياپونىيەدە ساقلىنىۋاتقان سانسكرىت تىلىدىكى بۇ ۋەسىقىلەر ياپونىيە رىيوكوكۇ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي دىيار تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىش، تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى بېيچى كائىيى قاتارلىقلار تەرىپىدىن رەتلەنگەن ۋە تەتقىق قىلىنغان.

ئىككىنچى، خوتەن تىلىدىكى تىببىي ۋەسىقىلەر

1. «تىبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى»

«تىبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى»نىڭ ئەسلىسى سانسكرىت يېزىقىدا يېزىلغان، خوتەن تىلىدىكى «تىبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى» بولسا دۇنخۇاڭدىكى نوم ساقلاش كېمىرىدىن تېپىلغان بولۇپ، ئۇ ئىككى خىل. بىرى Ch.ii.002 نومۇرلۇق (يېڭى سالغان نومۇرى Lok Khot 116 ـ 137)، يەنە بىرى P.2892 نومۇرلۇق، مەزكۇر ۋەسىقە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە سانسكرىت تىلىدىن خوتەن تىلىغا، 10 ـ ئەسىردە تىبەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

1963 ـ يىلى خوتەن تىلى مۇتەخەسسىسى پىروفېسسور Bailey «تىبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى»نىڭ خوتەن تىلىدىكى نۇسخىسى بىلەن «جىۋاكا تىببىي دەستۇرى»نىڭ خوتەن تىلىدىكى نۇسخىسىنى تەتقىق قىلىپ، ترانسكرىپسىيەگە ئېلىپ، تەرجىمە قىلىپ، 1963 ـ يىلى كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا نەشر قىلدۇرغان «خوتەن تىلىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى»نىڭ 5 ـ قىسمىدا ئېلان قىلغان.

ئۇنىڭدىن كېيىن سانسكرىت تىلى مۇتەخەسسىسى ۋە پىروفېسسور Emmerick «تىبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى»نى ناھايىتى سىستېمىلىق تەتقىق قىلغان ھەم بۇنى بەش توم قىلىپ ئىشلىگەن. بىرىنچى تومى مەزكۇر ۋەسىقىنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى سېلىشتۇرۇپ ئىزاھلىغان نۇسخىسى، ئىككىنچى تومى تىبەت تىلىدىكى نۇسخىسىنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان نۇسخىسى، ئۈچىنچى، بەشىنچى توملىرى خوتەن تىلىدىكى نۇسخىسىنى ترانسكرىپسىيە قىلىش، تەرجىمە قىلىش، ئىزاھلاش، يەشمە بېرىش ۋە تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. بۇ ۋەسىقىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى 1996 ـ يىلى تەتقىقاتچى دېتمر مائۇ تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان، ئەمما تەتقىقات نەتىجىسى قانداق بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

2. خوتەن تىلىدىكى تىبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەر پىراگمېنتلىرى

خوتەن تىلىدا يېزىلغان «تىبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى» بىلەن «جىۋاكا تىببىي دەستۇرى»دىن باشقا، ئىسمى ۋە تېمىسى نامەلۇم بولغان بىر قىسىم كەمتۈك ۋاراقلار (پىراگمېنتلار)مۇ تېپىلغان. خوتەن ساك تىلى مۇتەخەسسىسى Dresden 1976 ـ يىلى تېھران لېئىگېدا نەشر قىلدۇرغان «خوتەن ساك تىلىدىكى ۋەسىقىلەر كاتالوگى» ناملىق ماقالىسىنىڭ تىبابەتچىلىككە دائىر قىسمىدا خوتەن ساك تىلىدىكى بىر قىسىم تىببىي ۋەسىقىلەرنىڭ پىراگمېنتلىرىنى تونۇشتۇرغان.

Emmerick ئەپەندى 1992 ـ يىلى توكيودا نەشر قىلدۇرغان «خوتەن ۋەسىقىلىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرى» ناملىق كىتابىدا P.2893-32-267 نومۇرلۇق خوتەن تىلىدىكى تىببىي ۋەسىقىنىڭ ھەجىمىنىڭ باشقا ۋەسىقىدىن چوڭلۇقى، Ch.00265 ۋە P.2893, Ch.ii.002 folio نومۇرلۇق ۋەسىقە ئۇسلۇب ۋە تەرجىمە جەھەتتىن ناھايىتى ماسلاشقانلىقىنى تونۇشتۇرغان. Ch.00265 نومۇرلۇق ۋەسىقە بولسا مۇ-

رەككەپ دورىلىق رېتسېپ پارچىسى ئىكەنلىكى، p.2889v بولسا، خوتەن تىلىدىكى 15 قۇرلۇق رېتسېپ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە hauskya ttrahi قاتارلىق دورىلاردىن باشلانغان رېتسېپلارنىڭ بولسا Ch.00265.16-18 نومۇرلۇق ۋەسىقىدىكى مەزمۇنلارغا ئوخشايدىغانلىقىنى، P.2889v, P.2893.78-81 نومۇرلۇق قاتارلىق ۋەسىقىلەرنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل رېتسېپلار ئىكەنلىكىنى يازغان. خېلى كۆپ رېتسېپلارنىڭ باش ـ ئاخىرى يىرتىلىپ كەتكەچكە مەزمۇنىنى ئايرىغىلى بولمىغان.

ئامېرىكا پارلامېنت كۇتۇپخانىسىنىڭ ئوسكار تىررى كىروسبى يىغىپ ساقلاش مەركىزىدە 150 پارچە قالدۇق پىراگمېنتلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ 56 پارچىسى خوتەن تىلىدىكى ۋەسىقىلەر، قالغانلىرى سانسكرىت تىلىدىكى ۋەسىقىلەر ئىكەن. پىروفېسسور Emmerick نىڭ ئايرىپ چىقىشىغا قارىغاندا، يۇقىرىقىدىكىلەر ئىچىدە بۇددا نومى، پالنامە ۋە ئۇرپ ـ ئادەتكە دائىر دىندىن خالىي ۋەسىقىلەردىن باشقا، تۆت گورۇپپا تېبابەتچىلىككە دائىر پىراگمېنتلار بار ئىكەن. بۇلار 79 + 78، 105 + 104، 185 + 184، 191 + 190 نومۇرلۇق بولۇپ، ئۇلار ئوخشاش ئۇسلۇب ۋە خەت شەكلىدە يېزىلغان. ھەربىر بېتىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە سەككىز قۇردىن خەت يېزىلغان، بۇلار ئوخشاش بىر تېببىي كىتابقا تەۋە بولۇپ، يىڭنە بىلەن داۋالاش ۋە داغلاپ داۋالاش ئۇسۇللىرى كۆپ يەردە تىلغا ئېلىنغان. ئەمما بۇ ۋەسىقىلەر تېخى تەتقىق قىلىنمىغان.

2002 ـ يىلى خارۋور ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسور Prods Oktor Skjaervo «ئەنگلىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭدىن تېپىلغان خوتەن تىلىدىكى ۋەسىقىلەر» ناملىق 700 بەتلىك ئەسەرىنى نەشر قىلدۇرغان. بۇ كىتابتا ئەنگلىيەدە ساقلىنىۋاتقان خوتەن تىلىدىكى ۋەسىقىلەرگە بىر ـ بىرلەپ نومۇر سېلىنىپ، ترانسكرىپسىيە قىلىنىپ، تەرجىمە قىلىنغان ۋە ئىزاھلاپ يەشمە بېرىلگەن. بۇ كىتابتا «تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى» بىلەن «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى» تونۇشتۇرۇلغاندىن باشقا، BMOA1919 ;1-1.0177, 10K Khot s.9 (=ch.00265)، 10k khot 9/3, or.12637.1 نومۇرلۇق تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەر خوتەن تىلىدىن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئىزاھلاپ يەشمە بېرىلگەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا Lkhot.s.9-10 نومۇرلۇق ۋەسىقىدە 42 قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، 20 رېتسېپ خاتىرىلەنگەن. يەنى 14 رېتسېپ ئۆششۈقنى داۋالاش، ئالتە رېتسېپ جىگەر بىلەن مېڭىنى داۋالاش، ئاشقازاننى داۋالاشقا دائىر بولغان. بۇ رېتسېپلار بىزنىڭ قەدىمكى خوتەن تېبابىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا زور ئىلمىي ياردەم بېرەلەيدىغان مۇھىم ماددىي ئىسپاتتۇر.

3. كۇچا توخرى يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر پىراگمېنتلار

ھازىرغىچە دىيارىمىزدىكى كۇچا قاتارلىق جايلاردىن كۇچا توخرى تىلىدا يېزىلغان تېبابەتچىلىك ـ داۋالاشقا دائىر ۋەسىقىلەر خېلى كۆپ تېپىلغان، بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتا چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەچكە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇزېيلار ۋە كۇتۇپخانىلارغا تارقاپ كەتكەن. B.N.Puri «ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزمى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 212 ـ بېتىدە بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان:

«توخرى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددىزمدىن خالىي ئەسەرلەر بەزى سانسكرىتچە تېببىي ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەجمى بىر قەدەر زور بولغان تېببىي ئەسەر ‹يۈز خىل دورا رېتسېپلىرى›مۇ بار. بۇلار ‹كاراكا توپلىمى›، بىلەن ‹سۇسرۇتا توپلىمى› قاتارلىق تېببىي ئەسەرلەردە كۆرۈلمەيدىغان كۇچا توخرى تىلىدىكى تېببىي تەرجىمە ئەسەرلەردۇر. ئەمما پېللىئوت ۋە سىتەيىنلەرنىڭ شىنجاڭدىن توپلىغان بۇيۇملىرى ئارىسىدا، شۈبھىسىزكى، بىرمۇنچە تېببىي ئەسەرلەر پىراگمېنتلىرى، تەرجىملىرى بار».

1948 ـ يىلى، فىللوزات «كۇچا توخرى تىلىدىكى تېببىي ئەسەرلەر بىلەن پالنامە پىراگمېنتلىرى» ئىچىدىكى تېببىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە ۋە تەتقىق قىلغان. فىللوزات كۇچا توخرى تىلىدىكى «يۈز خىل

دورا ـ رېتسېپلار»نى تەتقىق قىلغاندىن باشقا، كۇچا ۋە دۇنخۇاڭلاردىن تېپىلغان تېبابەتچىلىككە دائىر سەككىز پارچە ۋەسىقىنى ۋە پالچىلىققا دائىر بىر پارچە ۋەسىقىنى ترانسكرىپسىيە ۋە تەرجىمە قىلىپ، مەنتىقلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇ «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1935 ـ يىللىق سانىنىڭ 1 ـ 66 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلغان بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىسىدە توخرى تىلىدىكى تېببىي ۋەسىقىگە قوشۇپ ئۇنىڭ سانسكرىتچە ۋە تىبەتچە نۇسخىسىنىڭ سۈرىتىنى ئېلان قىلغان ۋە ئۇلارنى فىرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلغان. پىلىئوزات ھىندىستان تېبابىتى كۆز كېسەللىكلىرى دوختۇرى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولغاچقا، ھىندىستان تېبابىتى تارىخى ۋە باشقا تېبابەت تارىخىغا قىزىققان. شۇڭا، ئۇ 1948 ـ يىلى «ئاسىيا تېبابەتچىلىك تارىخى» ناملىق ئەسىرىنى، 1949 ـ يىلى «ھىندىستان تېبابىتىنىڭ ئەنئەنە نەزەرىيەسى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ كۇچا توخرى تىلىدىكى تېببىي ۋەسىقىلەرنى ترانسكرىپسىيە، تەرجىمە ۋە تەتقىق قىلغانلىقى، قىسقىسى بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتى ئالاھىدە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە دەپ قارىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن سانسكرىت تىلى مۇتەخەسسىسى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى جى شيەنلىن ئەپەندى فىللوزاتنىڭ يۇقىرىدىكى كىتابىغا ئالاھىدە يۇقىرى باھا بېرىپ: «بۇ كىتاب ئىنتايىن لازىملىق، چۈنكى، شىنجاڭدىن سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان نۇرغۇن تېببىي ئەسەرلەر پىراگمېنتلىرى تېپىلدى. بۇلار جۇڭگو ۋە ھىندىستان تېبابىتىنى تەتقىق قىلىشتا ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان بەزى قەدىمكى مىللەتلەر ھەم دۆلەتلەرنىڭ تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان نادىر ئەسەر سانىلىدۇ، لېكىن بۇنداق كىتاب فىرانسىيەدە ئىنتايىن ئاز»[18] دەپ يازغان.

ۋالتېر كوۋېرۇ 1955 ـ يىلى فورشۇڭدا چىقىدىغان بىر ژۇرنالنىڭ 72 ـ جىلد 63 ـ ، 82 ـ بەتلىرىدە كۇچادىن تېپىلغان توخرى تىلىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ئۈچ پارچە ۋەسىقە ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىسىنى ئېلان قىلغان، ئۇ بۇ ئۈچ پارچە ۋەسىقىنى ترانسكرىپسىيە قىلىپ، تەرجىمە قىلىپ، ئىزاھلاپ يەشمە بەرگەن. بۇ، كۇچادىن تېپىپ ئېلىپ كەتكەن تېبابەتچىلىككە ئائىت ۋەسىقىنىڭ تۇنجى قېتىم تەتقىق قىلىنىشى ئىدى. 1964 ـ يىلى J. W. Broomhead كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقاندا «ئەنگلىيەدە ساقلىنىۋاتقان خۇ ئورېنلى، ستەيىن ۋە پىللىئوتلار توپلىغان كۇچا توخرى تىلىدىكى ۋەسىقىلەر: قوشۇمچە ترانسكرىپسىيە، يېشىپ ئىزاھلاش ۋە تىل ئالاھىدىلىكى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىپ تاماملىغان. بۇ شۇ چاغدا كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىنگلىزچە نەشر قىلىنغان. ئۇ بۇ دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىدە 46 پارچە تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقە ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان، ھەربىر سۆزلۈكلەرنى ئىزاھلىغان ھەم ئاخىرىدىكى ئىككى پارچىسىنى تەرجىمە قىلغان. 1997 ـ يىلى Klaus . T . Schmidt ئېلان قىلغان توخرى تىلىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسىدە، بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپاندىن تېپىلغان B505, THT3009 نومۇرلۇق ۋە ئەسلىدىكى ھىندىستان ئىشلىرى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان Ltoch30610 نومۇرلۇق ئۈچ پارچە توخرى تىلىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقە ھەققىدە توختالغان. خەلقئاراغا مەشھۇر توخرى تىلى مۇتەخەسسىسى Ceorges ئەپەندى بۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن.[19]

توخرى تىلىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەرنى رەتلەش ـ تەتقىق قىلىش غايەت زور جاپالىق قۇرۇلۇش بولسىمۇ، ئەمما پىروفېسسور Ceorges Jean Pinault ئەپەندى بىلەن دوكتور Carling ھەمكارلىشىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.[20] بۇ ئىككى ئالىمنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر بىلگىلى بولىدىغان توخرى تىلى (كۇچا تىلى)غا تەۋە تېببىي ۋەسىقىلەر ئاساسەن بېرلىندىكى تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنى ساقلاش ئورنىدا، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ ۋوبىر يىغىپ ساقلاش ئور-

نىدا، ئەنگلىيە كۈتۈپخانىسى شەرق ۋە ھىندىستان ئىشلىرى يىغىپ ساقلاش بۆلۈمىنىڭ يىغىپ ساقلىغان بۇيۇملىرى ئورنىدا، فىرانسىيە دۆلەتلىك كۈتۈپخانىسىنىڭ شەرق ۋەسىقىلىرى بۆلۈمى پىللىئوت يىغىپ ساقلىغان بۇيۇملار ئورنىدا ساقلانماقتا ئىكەن.

فىللوزاتىنىڭ كىتابىدىكى ۋە ۋالتېر كوۋرېئورنىڭ كىتابىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ياۋروپا ئەللىرىدە ساقلىنىۋاتقان كۇچا توخرى تىلىدىكى تېببىي ۋەسىقىلەر تۆۋەندىكىچە ئىكەن:

بېرلىندىكى تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنى يىغىپ ساقلاش ئورنىدا 513b497 ۋە THT3009 قاتارلىق 81 پارچە، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ۋېبېر يىغىپ ساقلاش ئورنىدا W1W42 قاتارلىق 42 پارچە، ئەنگلىيە كۈتۈپخانىسى خوئېرنىل يىغىپ ساقلاش ئورنىدا st.ch.00316.2.1 ۋە Pk.As.za قاتارلىق يەتتە پارچە جەمئىي 71 پارچە كۇچا توخرى تىلىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەر ساقلانماقتا ئىكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ۋەسىقىلەر قايتىدىن رەتلىنىپ، تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ بۇ جەھەتتە Carling ئەپەندى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلىرىدە كۇچادىن تېپىلغان كۇچا توخرى تىلىدىكى زور ھەجىملىك تېببىي ئەسەر «يۈز خىل دورا - رېتسېپ»نىڭ قالدۇق پىراگمېنتلىرى بىلەن ئەسلىدىكى ھىندىستان ئىشلىرى كۈتۈپخانىسىدا ساقلانغان 306LToch10 نومۇرلۇق كۇچا توخرى تىلىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقە ھەققىدىكى تەتقىقاتى ناھايىتى زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشكەن.

يەنە 1999 - يىلى دوگلاس ئادامس يېزىپ نەشر قىلدۇرغان «توخرى تىلى B سۆزلۈكى لۇغىتى»مۇ بۇ جەھەتتە مۇھىم قورال كىتاب ئەھمىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا تېبابەتچىلىككە دائىر بەزى سۆز - ئاتالغۇلار كىرگۈزۈلگەن.

4. سوغدى تىلىدىكى تېببىي ۋەسىقىلەر پىراگمېنتلىرى

سوغدى يېزىقى مىلادىيە ئۈچىنچى ئەسىردە ئاۋىستا يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان (بەزى كىتابلاردا پەھلىۋى يېزىقىمۇ دېيىلىدۇ) بولۇپ، ئۇنى پەرغانە ۋادىسى، ھىندى ۋادىسى، لوپنۇر - تۇرپان رايونى ۋە موڭغۇلىيە يايلاقلىرىغىچە بولغان جايلاردا ياشىغان سوغدىلار قوللانغان. مىلادىيە 5 - ئەسىرلەردە بۇ يېزىق خەلقئارالىق سودا يوللىرىدا راۋان قوللىنىلىدىغان سودا - مۇئامىلە يېزىقى بولۇپ قالغان (بۇ يېزىق ئۇيغۇر تىلىنى يازىدىغان يېزىقنىڭ تۈزۈپ چىقىلىشىغىمۇ سەۋەبچى بولغان)[21] ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا ياشىغان سوغدىلار مىلادىيە 7 - ئەسىرلەردىن باشلاپ ئۆزلىرىنى «توققۇز جاۋۇپلار» دەپ ئاتايدىغان بولغان، دېمەك، ئۇلار كېيىن ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن.

تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن مىلادىيە 5 -، 6 - ئەسىرلەرگە خاس سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان بۇددىزم ئەسەرلىرى، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر ۋە تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىككە ئائىت بىرمۇنچە ۋەسىقىلەر تېپىلغان. 19 - ئەسىردىكى «غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى» مەزگىلىدە چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى دىيارىمىزدىن سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان ھەرخىل ئەسەرلەرنى، جۈملىدىن تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەرنى تېپىپ ئېلىپ كەتكەن.

سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەر، گېرمانىيە، رۇسىيە قاتارلىق ئەللەردە ساقلانماقتا. مەسىلەن، فىرانسىيەدە ساقلىنىۋاتقان Pelliot Sogdlien 19 - نومۇرلۇق ۋەسىقىنىڭ 22 قۇر خېتى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قورساق ئاغرىقى، باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقىغا شىپا دورىلار ۋە رېتسېپتىن تەركىب تاپقان. 1940 - يىلى E.Benvenite ئەپەندى پارىژدا نەشر قىلدۇرغان بىر كىتابىدا يۇقىرىدىكى دورا - رېتسېپلارنىڭ ترانسكرىپسىيەسى بىلەن فاكسىمىلىنى ئېلان قىلغان. 1946 - يىلى W.B.Henning يۇقىرىدىكى ۋەسىقىنى تەرجىمە قىلىپ، ترانسكرىپسىيەگە ئېلىپ

«فىرانسىيەدە ساقلىنىۋاتقان سوغدى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» دېگەن نام بىلەن Bsoas نىڭ 1946 - يىللىق 4 - جىلد 713 -، 740 - بەتلىرىدە ئېلان قىلغان.

1976 - يىلى پىروفېسسور نىكولاس سىمىگ ۋىلىيامىس ئەنگلىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان سوغدى تىلىدىكى بىر قىسىم ۋەسىقىلەرنى رەتلەپ ئىزاھلىغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر مەزمۇنلارنى قايتا رەتلەپ ۋە تەتقىق قىلىپ، «بېرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان سوغدى تىلىدىكى ۋەسىقىلەر پىراگمېنتلىرى» دېگەن نام بىلەن J11 نىڭ 1976 - يىللىق 18 - جىلد 74 - بېتىدە ئېلان قىلغان. 1981 - يىلى ئۇ ئېلان قىلغان «لېنىنگرادتا ساقلىنىۋاتقان سوغدى يېزىقىدىكى پىراگمېنتلار توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەرمۇ بولغان. ئۇ بۇ ماقالىنى Bsoas نىڭ 1981 - يىللىق 44 - جىلد 235 - بېتىدە ئېلان قىلغان بولۇپ، خېلى كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان.

گېرمانىيەنىڭ Mainz پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا بىر قىسىم سوغدى يېزىقى ۋە سانسكرىت يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەر ساقلانغان بولۇپ، نومۇرى M2639 ئىكەن. بۇنى تەتقىقاتچى دېتىر مانۇ بىلەن نىكولاس سىمىگ ۋىلىياملار بىرلىكتە رەتلەپ، ترانسكرىپسىيە قىلىپ، تەرجىمە قىلغان ۋە تەتقىقات نەتىجىسىنى Bsoas نىڭ 1991 - يىللىق سانىنىڭ 486 — 495 — بەتلىرىدە ئېلان قىلغان. بۇ ۋەسىقىنىڭ ئالدى - كەينىگە يەتتە قۇردىن (سوغدى يېزىقى بىلەن سانسكرىت يېزىقى ئارىلىقىدا بىر قۇر ئاق قالدۇرۇلغان) خەت يېزىلغان. بەزى قۇرلىرىغا بىراھمى يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان تېبابەتچىلىككە دائىر قول يازمىلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلاردىكى يېزىق شەكلى ۋە سۆز ئىشلىتىش ئۇسلۇبى تۇرپان - كۇچا قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان «تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى» بىلەن «يۈز خىل دورا - رېتسېپ»لارغا يېقىنلىشىدۇ. بۇ پىراگمېنت ئەسلىدە كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالايدىغان رېتسېپ قالدۇقى ئىكەن.

يېقىندا سوغدى يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر مۇھىم ۋەسىقىلەرنىڭ بىر قىسمى يىپەك يولىدىكى قەدىمكى شەھەر Paikent ئەتراپىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا بايقالغان. بۇ جايدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش خىزمىتى ئەسلىدە 1913 — 1914 - يىللىرى يۈرگۈزۈلگەن ۋە رۇسىيە شەرقشۇناس ئالىمى L. A. Zimin ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلغان. 1939 — 1940 - يىللىرى رۇسىيە ئېرمىتاژ مۇزېي بىلەن ئۆزبېكىستان ئارخېئولوگلىرىدىن ئا . جاكوبوۋسكىي بىلەن ۋ.كېسىاتىلار قېزىشقا رىياسەتچىلىك قىلغان. 1981 - يىلىدىن بۇيان ئېرمىتاژ مۇزېي ئارخېئولوگلىرى بىلەن ئۆزبېكىستان ئارخېئولوگلىرىدىن ئا . مۇھەممەدجانوۋنىڭ رىياسەتچىلىكىدە پەنجىكەنتتە قايتا قېزىش ئېلىپ بېرىلغان. نەتىجىدە بۇ قەدىمكى شەھەر مەركىزىدە «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى ئەڭ قەدىمكى خىمىيە زاۋۇتى ياكى دورىخانا» بايقالغان. بۇ ئارخېئولوگلارنى ھەيران قالدۇرغان، قېزىشقا قاتناشقان ئارخېئولوگ سېمىنوۋ يېزىپ ئېلان قىلغان «يىپەك يولىدىكى سوغدى مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ناملىق كىتابىدا يۇقىرىدىكى «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى دورىخانا»نى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان ھەمدە سوغدىلار تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك بىلىملىرى جەھەتتە ھىندىلار، گىرېكلەر ۋە ئەرەبلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان[22] دەپ يازغان. قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەشھۇر سودىگەرلەر سانالغان سوغدىلار شەرق - غەرب مىللەتلىرى ئارىسىدا دىن، مەدەنىيەت، سەنئەت، تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىكنىمۇ بىللە تارقاتقان. ئۇنىڭ تەسىرى جۇڭگوغا خېلى زور بولغان.

5. قەندىھار يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر پىراگمېنتلار

قەندىھار يېزىقى قەدىمكى ھىندىستاننىڭ قەندىھار خانلىقى (بۈگۈنكى پاكىستاننىڭ پېشاۋۇر شەھىرى

ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان ئافغانىستاننىڭ شەرقى تەرىپى) دەۋرىدە ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، بۇددىزىم ئەقىدىسى بىلەن قوشۇلۇپ، مىلادىيە يەتتىنچى ئەسىرلەردە شىنجاڭغىمۇ تارقالغان ۋە بىر مەھەل ئىجتىمائىي ۋە دىنى ئىشلاردا قوللىنىلغانلىقى مەلۇم.

ھازىرغىچە دىيارىمىزدىن تېپىلغان قەندىھار يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەر ناھايىتى ئاز، ئەينى ۋاقىتتا كېرىيە ئەتراپلىرىدىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى بىر پارچە ۋەسىقىنىڭ (207 - نومۇرلۇق) كەينى تەرىپىگە قەندىھار يېزىقىدا خەتلەر يېزىلغان. يەھۇدىي نەسەبىدىن بولغان مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيەچى مارك ئاۋرېل ستېين ئۆزىنىڭ «غەربىي دىيار ئارخېئولوگىيەسى» ناملىق ئەسىرىدە قەندىھار يېزىقىدىكى بۇ ۋەسىقىنىڭ تېپىلىش جەريانىنى قىسقىچە شەرھلىگەن. 1940 - يىلى ئەنگلىيەلىك مەشھۇر ئالىم ت . بۇرروۋ لوندوندا نەشر قىلىنغان «The royal asiatic society» (خان جەمەتى ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى) ناملىق ژۇرنالنىڭ 1940 - يىللىق سانىنىڭ 141 - بېتىدە ئېلان قىلغان «جۇڭگو شىنجاڭدىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتنى تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلاش» ناملىق ماقالىسىدە يۇقىرىدىكى ۋەسىقىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ، يەشمە بېرىپ ئىزاھلىغان. 1961 - يىلى پىروفېسسور H. W. Bailey كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا يېزىپ نەشر قىلدۇرغان «خوتەندىكى ساكلار خانلىقى — خوتەن ۋەسىقىلىرىگە كىرىش» ناملىق كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە، يۇقىرىدىكى قەندىھار يېزىقىدىكى ۋەسىقىنى بىر پارچە تېببىي رېتسېپ دەپ ئىزاھلىغان ھەمدە مەزكۇر رېتسېپ خوتەندىكى گىرېك مەدەنىيىتىنىڭ ئامىللىرىنى ئەكس ئەتكۈزىدۇ، دەپ يازغان.

2000 - يىلى چىن مىڭ ئەپەندى ئېلان قىلغان «يېڭىدىن تېپىلغان كاروشتى يېزىقىدىكى بىر پارچە تېببىي رېتسېپ» ناملىق ماقالىسىدە، كۇچادىن تېپىلغان ئۈچ قىسىملىق تېببىي ۋەسىقە «بوۋېر قول يازما نۇسخىسى»، «تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى» ۋە «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»دىكى مەزمۇنلاردىن پايدىلىنىپ، يۇقىرىدىكى قەندىھار يېزىقىدىكى ۋەسىقىنى ئېنىقلىغان ھەمدە ئۇنى مۇھىم بىر دورا - رېتسېپ، دەپ قارىغان.[23] خېڭ جى ئەپەندى بولسا بۇ ماقالىدىكى قاراشنى قۇۋۋەتلىگەن.[24]

6. سۇرىيە يېزىقىدىكى تېببىي رېتسېپ پىراگمېنتلىرى

سۇرىيە يېزىقى ئەرەب يېزىقىنىڭ بىرخىل ئەركىن قول يازما شەكلى ئاساسىدا تۈزۈلگەن خرىستىيان دىنى يېزىقى بولۇپ، مىلادىيە 8-، 9- ئەسىرلەردە خرىستىيان دىنى بىلەن بىللە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا تارقالغان. شۇڭا دۇنخۇاڭدىن تارتىپ خوتەنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلاردىن بۇ يېزىقتا يېزىلغان ۋەسىقىلەر تېپىلغان.

ھازىرغىچە تۇرپاندىن سۇرىيە يېزىقىدا يېزىلغان بىر پارچە تېببىي رېتسېپ پىراگمېنتى تېپىلغان بولۇپ، ئۇ قارىغاي يېغى بىلەن چاچ چۈشۈشنى داۋالايدىغان مەزمۇندىكى ۋەسىقە ئىدى. 1984 - يىلى پىروفېسسور M. Maroth تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە AOF نىڭ 1984 - يىللىق 11 - سان، 115 -، 125 - بەتلىرىدە ئېلان قىلغان «تۇرپاندىن تېپىلغان سۇرىيە يېزىقىدىكى تېببىي رېتسېپ ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدە بۇ ھەقتە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان، ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ، رېتسېپ ئېھتىمال كىلاسسىك پەن ئالىمى پولوننىڭ «تەبىئەت تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىن كەلگەن بولسا كېرەك، بەلكى بۇ رېتسېپ يەنە ئىبن سىنانىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەنمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ، دەپ قارىغان. مۇشۇ ئاساستا چىن لياڭيۇ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خرىستىيان دىنى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىدە مەزكۇر تېببىي رېتسېپنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە توختالغان. ئۇ تۇرپاندىكى بۇيلۇق خارابىسىدىن تېپىلغان بۇ تېببىي رېتسېپنى ئىبن سىنانىڭ تېببىي قامۇسىنىڭ تەسىرىنى قو-

بۇل قىلىنغانلىقىغا قارىغاندا، پولىننىڭ «تەبىئەت تارىخى»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئېنىقمۇ روشەن دەپ قارىغان.[25] ئەمما تېببىي ئالىم ئىبنى سىنانىڭ تېببىي ئەسەرلىرىگە يېقىنلىق ئېھتىماللىقىمۇ چەتكە قېقىلمىغان.

7. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەر

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى سوغدى يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنى ئورخۇن ۋادىسى، گەنسۇنىڭ غەربى، تۇرپان ئويمانلىقى ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار ئومۇمىيۈزلۈك قوللانغان. ئۇيغۇرلار مىلادىيە بەشىنچى ئەسىردىلا تۇرپان ئويمانلىقىدا بۇ خىل يېزىقنى قوللانغانلىقى ئارخېئولوگلار ۋە يېزىقشۇناسلار تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان.[26]

دىيارىمىزدىن تېپىلغان ھەم ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەزمۇندىكى يۇقىرىدىكى كارۇشتى يېزىقىدىكى (مىلادىيە ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئەسىرلەرگە تەئەللۇق) ۋە ئۇدۇن (خوتەن) يېزىقىدىكى بىر پارچە رېتسېپقا مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى رېتسېپمۇ تېپىلدى. مەسىلەن، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيەنىڭ تۆت قېتىملىق «تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى»[27] تۇرپاندىن تاپقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەر ئىچىدە بىرمۇنچە رېتسېپلار پىراگمېنتلىرىمۇ تېپىلغان. 1930 ـ يىللىرى خەلقئارادا يۇقىرى شۆھرەت قازانغان تۈركىيەلىك ئالىم رەشىد راھمەتى ئارات بۇلارنى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان.[28] 1985 – يىللىرى دىڭ خاۋ بىلەن ياڭ فۇشۆلەر بىرلىكتە بۇنى «杂病医疗百方译»، «吐鲁番本回鹘文» دېگەن نام بىلەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بۇ ۋەسىقە ھەققىدە خەنزۇ يېزىقىدا ئارقا ـ ئارقىدىن نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان.[29]

مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، «تۈرلۈك كېسەللەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى» (杂病医疗百方) دەپ ئاتالغان (رېتسېپ توپلىمىنىڭ ئەسلىي نامى ۋە ئېنىسى يوقىلىپ كەتكەچكە، ھازىرچە شۇنداق نام بىلەن ئاتىلىپ تۇرغانلىقى مەلۇم) بۇ رېتسېپ مەزمۇنلىرى بىلەن دىيارىمىزدىن تېپىلغان باشقا تىل ـ يېزىقلاردىكى رېتسېپلار مەزمۇن جەھەتتىن مەلۇم ئورتاقلىققا ۋە ئوخشاشلىققا ئىگە بولغان، ھەتتاكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ ۋەسىقىدە ئەجدادلىرىمىز نەچچە ئەسىرلەر ئىلگىرى قوللانغان سانسكرىتچە، كارۇشتىچە، ئۇدۇنچە، كۇچا توخرىي تىلىچە نۇرغۇن سۆز ـ ئاتالغۇلارمۇ ساقلىنىپ قالغان. بۇ بىزگە ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى نەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىيات تارىخىدا كۆپ قېتىم دىنىي ئېتىقاد ۋە تىل ـ يېزىق ئالماشتۇرغان بولسىمۇ، نەچچە قېتىم خانلىقلار قۇرۇپ نەچچە قېتىم يوقىتىلغان بولسىمۇ، نەچچە قېتىم بىرلىككە كېلىپ نەچچە قېتىم پارچىلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز يەرلىك مىللىي تېبابەتچىلىكىنى يوقاتمىغانلىقىنى، دەۋرمۇدەۋر، ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى، 600 ـ 700 يىل ھەتتا مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تېۋىپ ئەجدادلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ساقلاپ، رېتسېپلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز تېبابەتچىلىكىنى داۋام ئەتكۈزۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، بىز تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى»دىكى «ھىڭ (ئەنجۇدان)دىن تەييارلىنىدىغان رېتسېپلار» بىلەن ماقالىمىزدە باشتىن ـ ئاياغ مەخسۇس توختىلىۋاتقان كارۇشتى يېزىقىدىكى «ئاق شەمشاد يوپۇرمىقىدىن تەييارلىنىدىغان رېتسېپ»نىڭ قىسمەن بولسىمۇ ئوخشايدىغان تەرەپلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى.

دىڭ خاۋ بىلەن ياڭ فۇشۆلەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى›نى تەرجىمە قىلىپ

ئىزاھلاش»تىكى ھىلى (ئەنجۇدان)دىن تەييارلانغان بىر رېتسېپ مۇنداق:

جۇزبۇۋا بىر مىسقال، قوۋزاقدارچىن بىر مىسقال، ھىلى (ئەنجۇدان) بىر مىسقال، قىزىلمۇچ تۆت مىسقال، قارىمۇچ بەش مىسقال، پىشۇرۇلغان پەيدىن بەش مىسقال ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا ئالتە ھەسسە شېكەر قوشۇپ، ئېزىپ تالقانلىنىدۇ، ھەر قېتىم ئىككى مىسقال ئېلىپ، شورپىغا سېلىپ قوچۇپ ئىچىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يۆتەل، دەم سىقىلىش، زىققە كېسىلىنى، تىنچسىزلىق ۋە شامالداراشتىن بولغان كېسەللىكلەرنى شىپا تاپتۇرغىلى بولىدۇ.

بۇنىڭ تۇرپاندىن تېپىلغان ئەسلىي نۇسخىسىدىكى murc دېگەن سۆز سانسكرىتچە marica دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، قارىمۇچنى كۆرسەتكەن، قىزىلمۇچنى كۆرسەتمىگەن. pipali دېگەن سۆز سانسكرىتچىدىكى pilpil دېگەن سۆزدىن كەلگەن ۋە پارسچە pilpil دەپ قوللىنىلغان بولۇپ، كىرسنا (ياكى پاپالا)نى كۆرسەتكەن. بۇ رېتسېپ بىلەن كارۇشتى يېزىقىدىكى رېتسېپتىكى بەش خىل دورا ئەشياسى ئوخشاش بولغان. كاروشتى يېزىقىدىكى sakara، ئۇدۇن يېزىقىدىكى sakar، كۇچا توخرى يېزىقىدىكى sakar، سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى sakar سۆزلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «شېكەر» سۆزى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولغان.[30]

1996 ـ يىلى دېتىر مانۇ ئەپەندى «تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ پىراگمېنتلىرىدىن تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان.[31] مەزكۇر ۋەسىقە m2.208(T11)S-49 دېگەن نومۇر بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بۇنى گېرمانىيە ئىككىنچى قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندىكى سىڭگىم خارابىسىدىن قېزىۋالغان. ھەربىر بېتىگە يەتتە قۇردىن خەت يېزىلغان. ئۇنىڭ مەزمۇنى، «تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى»نىڭ 13 ـ بابى يەنى «داۋالاش پىرىنسىپلىرى»نىڭ بىرىنچى، توققۇزىنچى ئابزاسلىرى (92ـ si.31.1) بولۇپ، ئاساسەن سامساقنىڭ دورىلىقتا ئىشلىتىلىشى ۋە شىپالىق رولى بايان قىلىنغان. دېتىر مانۇ بۇ تېببىي ۋەسىقىنىڭ سانسكرىتچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلىرىدىن سېلىشتۇرۇپ، ئىزاھات بەرگەن ھەم مەزمۇنىنى تولۇق تەرجىمە قىلغان.

گېرمانىيە ئارخېئولوگلىرى دىيارىمىزدىن ئېلىپ كەتكەن ۋە راشىد راھمەتى ئارات تەتقىق قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە (T.1.D.120 نومۇرلۇق) جەمئىي 201 قۇر بولۇپ، نىسبەتەن مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. 1990 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا دىڭ خاۋ بىلەن ياڭ فۇشۆلەر بۇ ۋەسىقە ئۈستىدە ئىزدەنگەن ۋە ئۇنىڭغا «كېسەل داۋالاشتىكى يۈز خىل رېتسېپ» دەپ نام قويغان. ئۇنىڭدىن كېيىن چېن زوڭجېن «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەردىن تەرمىلەر» دېگەن ماقالىنى، خۇاڭ ۋۇلى «قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى كېسەل داۋالاش قوللانمىسىنىڭ تېبابەتتىكى تارىخىي قىممىتى» ناملىق ماقالىسىنى، دىڭ خاۋ بىلەن ياڭ فۇشۆ «تۇرپان نۇسخىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹كېسەل داۋالاشتىكى يۈز خىل رېتسېپ›نى يېشىپ ئىزاھلاش» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.[32]

2002 ـ يىلى شيا لېيمىن «غەربىي دىياردا ئۈزۈمنىڭ دورىلىقتا ئىشلىتىلىشى ۋە شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىدىكى دورا (ئۈزۈم)نى تەھلىل قىلدى.[33] 2003 ـ يىلى ياڭ فۇشۆ نەشر قىلدۇرغان «قەدىمكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىنىڭ تۆتىنچى بابى بولغان «پەن ـ تېخنىكا» نىڭ تۆتىنچىسى «تېبابەتچىلىك» قىسمىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تېبابەتچىلىك جەھەتتىكى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇھاكىمە قىلغان.[34]

ئۇنىڭدىن كېيىن چېن مىڭ «يېڭىدىن تېپىلغان كارۋشتى يېزىقىدىكى بىر پارچە تېبىبىي رېتسېپ» دېگەن ماقالىسىدە «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەر»دىكى مەزمۇنلار بىلەن «تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى» ناملىق تېبىبىي ئەسەرنىڭ كۆپ جەھەتتىن ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.[35] يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە تۇرپاندىن تېپىلغان T.111.M.66 ۋە T.111.295 نومۇرلۇق ئىككى پارچە تېبىبىي ۋەسىقىلەر دىڭ خاۋ بىلەن ياڭ فۇشۈلەر تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان.[36]

1982 ـ يىلى تۇرپاندىكى بىر مىڭئۆي خارابىسىدىن خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىقتا يېزىلغان تېبىبىي رېتسېپ تېپىلغان[37]، ئەمما ئۇ چاغدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش دوكلاتى تېخى ئېلان قىلىنمىغاچقا، ئۇنى تېخى تەتقىق قىلىشقا مۇمكىن بولمىغان.

يۇقىرىدىكى بىر قاتار بايانلىرىمىزدىن شۇنداق بىر ئۇقۇم ئايدىڭلاشتىكى، مىلادىيە 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن شۇ زامانلاردا دىيارىمىزدا قوللىنىلغان كارۋشتى يېزىقى بىلەن يېزىلغان، دائىم ئۇچرايدىغان ئۇن نەچچە خىل كېسەللىكە شىپا بولىدىغان، لازىملىق دورا ئەشيالىرى ھەم دائىم كۆرۈلىدىغان، ئاسان تاپقىلى بولىدىغان ناھايىتى ئۈنۈملۈك دورىلار بولۇپ، ئۇ ئۈنۈمى ياخشى، ئاسان قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن بۇ رېتسېپنىڭ نەچچە ئەسىرلەرگىچە تارقىلىپ، ساقلىنىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان. شۇڭلاشقا بۇ رېتسېپ مىلادىيە ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئەسىرلەردىن تارتىپ، دىيارىمىزدا يېزىلغان ھەم ئەمەلىي قوللىنىلغان ھەرخىل تىل ـ يېزىقتىكى تېبىبىي ئەسەرلەرگە تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. كارۋشتى يېزىقىدىكى مىلادىيە ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئەسىرلەرگە خاس بۇ رېتسېپنىڭ ئەڭ بالدۇرقى ۋە ئەڭ مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان يەنە بىر نۇسخىسى 1890 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ جۇڭگۇدىكى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارى بوۋېر كۇچادىن ئېلىپ كەتكەن (قېيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا سانسكرىت يېزىقى بىلەن يېزىلغان) «بوۋېر قول يازما نۇسخىسى» دەپ ئاتالغان مىلادىيە ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئەسىرگە خاس تېبىبىي ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قىسىم 11 ـ، 13 ـ رېتسېپلىرىدا ئەينەن ساقلىنىپ قالغان.[38]

ھازىرغىچە دىيارىمىزدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقى، خوتەن ساك يېزىقى، بىراھمى يېزىقى، كۇچا (B) ۋە قاراشەھەر (A) توخرى يېزىقى، سوغدى يېزىقى، قەندىھار يېزىقى، سۇرىيە يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق قەدىمكى تىل ـ يېزىقلاردا پۈتۈلگەن ئەجدادلىرىمىز تېبابەتچىلىكىگە دائىر ۋەسىقىلەرنىڭ تېپىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

**ئىزاھاتلار:**

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامىينىڭ «چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىنىڭ يۇرتىمىزدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش ـ قېزىشلىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتابىنىڭ 306 ـ، 350 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان.

② قۇربان ۋەلىنىڭ «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ناملىق كىتابىنىڭ 130 ـ، 131 ـ بېتىگە قاراڭ.

③④ تەيزەي بۇئەرۋەن: «بوۋېرنىڭ خېتى —— دۇنخۇاڭشۇناسلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى» (شاڭ لىن، جو رۇنشۇن تەرجىمىسى)، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1990 ـ يىلى ئۈچىنچى سان، 138 ـ، 140 ـ بەت؛ ۋاڭ يىچىڭ: «كۇچا ۋەسىقىلىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە ئەنگلىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن زور كۆلەمدە توپلىشى»، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق مەجمۇئەسى»، خەنزۇچە، 1991 ـ يىلى 2 ـ سان، 64 ـ، 73 ـ بەت؛ ۋاڭ يىچىڭ: «ئەنگلىيە كۇتۇپخانىسى شەرق بۆلۈمىدە ساقلانغان ‹خوتەنلىك يىغىپ ساقلىغان بۇيۇملار› ئىچىدىكى خەنزۇچە ۋەسىقىلەرنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش»، «لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1991 ـ يىلى 1 ـ سان،

143 ـ، 150 ـ بەت؛ جيا جەنيى: «ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ماجىيىنىڭ جۇڭگوغا كېلىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ھەم ئۇنىڭ دەسلەپكى پائالىيىتى»، «ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى» خەنزۇچە، 2000 ـ يىلى، ئىككىنچى توپلام، 183 ـ، 244 ـ بەت؛ ئابلىز مۇھەممەت سايرامىي: «كۇچادىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ئۈچ قىسىملىق ۋەسىقە ھەققىدە»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى»، 2003 ـ يىلى بەشىنچى، ئالتىنچى سانلارغا قاراڭ.

⑤ جى شيەنلىن: «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 69 ـ، 70 ـ بەت.

⑥ بۇ ماقالە ئەسلىدە «تارىخ ئوقۇتۇشى»نىڭ 1962 ـ يىلى 10 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان، كېيىن «جى شيەنلىن ماقالىلەر توپلىمى»نىڭ بەشىنچى قىسمى بولغان «ھىندىستان تارىخى ۋە مەدەنىيىتى»گە كىرگۈزۈلگەن، جياڭشى مائارىپ نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 227 ـ بەت.

⑦ چېن مىڭ: «ھىندىستان سانسكرىت تىلىدىكى تېببىي قامۇس ‹تېبابەتچىكى نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى›، ئۇسىتىدە تەتقىقات»، جۇڭخۇا شۇجۇ، 2002 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 72 ـ، 66 ـ بەتلەر.

⑧ چېن مىڭ: «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقى ۋە خوتەن يېزىقىدىكى تېببىي ئەسەر ‹جىۋاكا تېببىي دەستۇرى› ھەققىدە»، «جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا تارىخى ماتېرىياللىرى» 2001 ـ يىلى 1 ـ سان، 77 ـ، 90 ـ بەتلەر.

⑨ ئابلىز مۇھەممەت سايرامىي: «دەشت ئاتادىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقى ۋە ئۇدۇن براھمىي يېزىقىدىكى قوش تىللىق تېببىي ئەسەر ‹جىۋاكا تېببىي دەستۇرى› ھەققىدە»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى»، 2004 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ سانلارغا قاراڭ.

⑩ بۇ ماقالە «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە 1998 ـ يىللىق 1 ـ سان، 39 ـ، 45 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان.

⑪ جى شيەنلىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «دۇنخۇاڭشۇناسلىق چوڭ لۇغىتى»، خەنزۇچە، شاڭخەي لۇغەت ـ كىتابلار نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى، 503 ـ بەت.

⑫ بۇ ماقالە 2000 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە مۇھاكىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 63 ـ توپلام 112 ـ، 132 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان.

⑬ بۇ ماقالە «جۇڭگو دورىگەرلىك تارىخى تەزكىرىسى»نىڭ 2000 ـ يىللىق 4 ـ سان 202 ـ، 206 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان.

⑭ بۇ ماقالە دۆلەتلىك كۇتۇپخانا تۈزگەن «志学津文»نىڭ بىرىنچى توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن، دۆلەتلىك كۇتۇپخانا نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى، 138 ـ، 164 ـ بەتلەر.

⑮ 1902 ـ يىلدىن 4191 ـ يىلغىچە گېرمانىيە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، تۆت قېتىم «تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى»نى تەشكىللىگەن. بىرىنچى قېتىم گرونۋېدېل (A.Grunwedel) باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى 1902 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1903 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە قېزىپ ۋە تەكشۈرۈپ، جەمئىي 46 چوڭ ساندۇقتا قاچىلانغان 1700 كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئىككىنچى قېتىم لېكوك بىلەن بارتۇس باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى 1904 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1905 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە تۇرپاننى مەركەز قىلىپ قېزىپ ۋە تەكشۈرۈپ، جەمئىي 106 ساندۇق 1300 كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئۈچىنچى قېتىم گرونۋېدېل بىلەن لېكوك باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى 1905 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1907 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە قېزىپ ۋە تەكشۈرۈپ، 128 ساندۇق 10 مىڭ كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. تۆتىنچى قېتىم لېكوك بىلەن بارتۇس قاتارلىقلار 1913 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1914 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە تۇرپاندىن باشقا قىزىل، قۇمتۇرا، سىمسىم قاتارلىق باي، كۇچا تەۋەسىدىكى مىڭئۆيلەرنى قېزىپ، جەمئىي 156 چوڭ ساندۇق 12 مىڭ كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەرخىل تىل ـ يېزىقلاردا يېزىلغان نەچچە ئون مىڭ پارچە ۋەسىقىلەر ئىچىدە ئەجدادلىرىمىز يازغان تېببىي ئەسەرلەر، رېتسېپلار، دورا ـ دەر-

مەكلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك تەركىبلىرى ھەققىدىكى ۋەسىقىلەرمۇ بارلىقى شۈبھىسىزدۇر.

⑯ جى شيەنلىنىنىڭ ماقالىسى خەنزۇچە «تارىخىي بىلىملەر» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 11 ـ سان، 94 ـ، 95 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان.

⑰جى شيەنلىن: «توخرى تىلى تەتقىقاتى»، «جى شيەنلىن ماقالىلەر توپلىمى»، 12 ـ قىسىم، جياڭشى مائارىپ نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 72 ـ بەت.

⑱گېڭ شىڭ تەرجىمىسى: «غەربىي دىيارنىڭ توخرى تىلىدىكى ۋەسىقىلىرى ۋە بۇددىزم ئەسەرلىرى»، «فرانسىيە خەنزۇشۇناسلىقى»، بەشىنچى توپلام، 2000 ـ يىلى جۇڭخۇا شۇجۇ خەنزۇچە نەشرى 227 ـ، 228 ـ بەتلەر.

⑲⑳ 2004 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ، 2 ـ كۈنلىرى، پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن «تېبابەتچىلىك: دۇنخۇاڭدىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە»ناملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا G .J. Pinault ئەپەندى «5 — 10 ـ ئەسىرلەردە ھىندى تېبابەتچىلىك بىلىملىرىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا تارقىلىشى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەرگەن ھەمدە تارىم ئويمانلىقىدىن بايقالغان ۋەسىقىلەردە كۆرۈلىدىغان ھىندىستان تېبابىتى بىلىملىرى، بولۇپمۇ بۇلار ئارىسىدا توخرى تىلى B بىلەن سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپلىكىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا تىللىرىدىكى تېببىي ۋەسىقىلەر ھىندىستان تېبابىتىنىڭ تارقىلىش تارىخىدا غايەت زور رول ئوينىغانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن.

㉑ قۇربان ۋەلىنىڭ «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ناملىق كىتابىنىڭ 122 ـ، 123 ـ بېتىگە قاراڭ.

㉒ «سەنئەت تارىخى تەتقىقاتى»، بەشىنچى توپلام، جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 524 ـ، 529 ـ بەتلەر.

㉓㉟ چىن مىڭ: «يېڭىدىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى بىر پارچە تېببىي رېتسېپ»، «غەربىي دىيار تەتقىقاتى» خەنزۇچە، 2001 ـ يىللىق 1 ـ سان، 12 ـ 22 ـ بەتلەر.

㉔ خېڭ جى: «غەربىي يۇرتنىڭ تېببىي دورا ـ دەرمەك مەدەنىيىتى ئالماشتۇرۇشى ھەققىدە»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 2000 ـ يىللىق 2 ـ سان، 128 — 130 ـ بەتلەر.

㉕ چىن لياڭيۇ: «ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ نېستورىيان دىنى ھەققىدە تەتقىقات»، «دۇنخۇاڭ ـ تۇرپان تەتقىقاتى» خەنزۇچە، 1999 ـ يىلى 4 ـ جىلد، 189 ـ بەت؛ رۇڭ شىنجياڭ «دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئىران تىلىدىكى ۋەسىقىلەر تەتقىقاتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «جۇڭگو ئىرانشۇناسلىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، خەنزۇچە، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى، 57 ـ، 71 ـ بەتلەر.

㉖ قۇربان ۋەلىنىڭ «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ناملىق كىتابىنىڭ 3 ـ، 9 ـ بەتلىرىدىكى «تۇرپاندىن تېپىلغان مىلادىيە بەشىنچى ئەسىردىكى ئۇيغۇر يېزىقى» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

㉗㉘ تۈركىيەلىك ئالىم رەشىد راھمەتى ئارات 1930 ـ يىلى «بېرلىن پىرۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ كونفرېنسىيەسىدە قىلىنغان دوكلاتىنىڭ پەلسەپە ـ تارىخ قىسمى»نىڭ 1 ـ قىسىم 451 — 473 ـ بەتلىرىدە ۋە 1932 ـ يىلى SBAW نىڭ 2 ـ قىسىم، 401 — 448 ـ بەتلىرىدە گېرمانىيەنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەر ھەققىدىكى ئۆز تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان.

㉙ چىن زۇڭجېن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەرنىڭ تەرجىمىسى»، «جۇڭخۇا تېبابەتچىلىك تارىخى» ژۇرنىلى 14 ـ جىلد، 1987 ـ يىلى 4 ـ سان، 233 ـ، 235 ـ بەت؛ خۇڭ ۋۇلى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرخىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش قوللانمىسى›نىڭ تېبابەتچىلىكتىكى تارىخىي قىممىتى»، يۇقىرىدىكى ژۇرنال، يۇقىرىدىكى سان، 236 — 238 ـ بەت؛ دىڭ خاۋ، ياڭ فۇشۆ: «تۇرپان نۇسخىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى›نى تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلاش»، دۇنخۇاڭ تەتقىقات ئاكادېمىيەسى تۈزگەن «دۇەن ۋېنجىنىڭ دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش ماقالىلەر توپلىمى»، 256 ـ، 372 ـ بەتلەر، دۇنيا كىتاب نەشرىياتچىلىق شىركىتى، بېيجىڭ شۆبە شىركىتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

㉚ ئابلىز مۇھەممەت سايرامىينىڭ: «دەشت ئاتا (دۇنخۇاڭ)دىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقى ۋە ئۇدۇن (خوتەن) بىراھمى يېزىقىدىكى قوش تىللىق تېببىي ئەسەر ‹جىۋاكا تېببىي بىلىم دەستۇرى› ھەققىدە» («ئۇيغۇر تېبابەتچىلـ

كى» ژۇرنىلى، 2004 - يىللىق 1 -، 2 - سانىدا) ناملىق ماقالىسى بىلەن پىروفېسسور جى شيەنلىن ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭدا شېكەر قومۇشىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى ۋە قۇم شېكەرنىڭ ئىشلىتىلىشى» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. «دۇنخۇاڭ - تۇرپان تەتقىقاتى» (ئۈچىنچى توپلام)، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، 1998 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 — 12 - بەتلەر.

㉛ «تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى»نىڭ سانسكرىتچە، ئۇدۇنچە (خوتەنچە) نۇسخىسىدىن باشقا تىبەتچە، ئەرەبچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىمۇ بار. بۇ رېتسېپنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچى ئېممىروپىك نەشرگە تەييارلىغان سانسكرىتچە نۇسخىنى ئاساس قىلغان. بۇ رېتسېپتا تىلغا ئېلىنغان دورىلار ھەققىدە جاڭ بوچىن ئەپەندىنىڭ «دۇنخۇاڭ - تۇرپان ۋە يۇراقلىق دورا - دەرمەكلەر يولى» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. «پىروفېسسور جى شيەنلىن تەۋەللۇتىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 2 - قىسىم، جىجياڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 837 -، 848 - بەتلەر.

㉜ چېن زوڭچىن بىلەن خۇاڭ ۋۇلىلارنىڭ ماقالىلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «جۇڭخۇا تېبابەتچىلىك تارىخى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىللىق (14 - توپلام) 4 - سان 233 — 235 - بەتلىرىدە ۋە 236 — 238 - بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان. دېڭ خاۋ بىلەن ياڭ فۇشۆلەرنىڭ ماقالىسى «دۇەن ۋېنجىننىڭ دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»نىڭ 256 — 372 - بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان، 1996 - يىلى دۇنيا كىتاب نەشر قىلىش شىركىتى بېيجىڭ شۆبە شىركىتى خەنزۇچە نەشرى.

㉝ شيا لېيمىن: «غەربىي دىياردا ئۈزۈمنىڭ دورىلىقتا ئىشلىتىلىشى ۋە شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 2002 - يىللىق 3 -، 4 - قوشما سان، 116 — 121 - بەتلەر.

㉞ ياڭ فۇشۆ: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، 2003 - يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 361 — 362 - بەتلەر.

㉟㊱ دېڭ خاۋ: «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە تېبابەتكە ئائىت ۋەسىقە»، «گەنسۇ مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1996 - يىللىق 3 -، 4 - قوشما سان، 91 — 92 - بەتلەر. ياڭ فۇشۆنىڭ ماقالىسى يۇقىرىقىدىكى بىلەن ئوخشاش.

㊲ مۇ شۇنيىڭ، ۋاڭ بىڭخۇا: «تۇرپاننى ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىق قىلىش ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 1982 - يىللىق 3 - سان؛ شۆ زوڭجېڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قەدىمكى جەمئىيەت تۇرمۇش تارىخى»، 1997 - يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە، 357 -، 358 - بەتلەر.

㊳ ئابلىز مۇھەممەت سايرامىينىڭ «كوچادىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ئۈچ قىسىملىق ۋەسىقە ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» ژۇرنىلى 2003 - يىللىق 5 - سان، 21 — 29 - بەتلەر، 6 - سان، 26 — 34 - بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان.

(ئاپتور جۇڭگو سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىدا)

kitap.com






بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار بولۇپ، قەددى قامەتلىك، زېھنى ئۆتكۈر يىگىت ئىكەن. ئۇ ئادىل، ھەققانىي ئىش قىلىدىكەن. تۈزكور، ھىيلىگەر، ئاقنانچى، زەھەرخەندە كىشىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىكەن. بىر كۈنى ۋەزىرنىڭ بىر گېپىدىن ئاچچىقى كەلگەن شاھزادە ۋەزىرگە قاتتىق ۋارقىراپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ۋەزىر شاھزادىدىن خەۋپسىرەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. شاھزادىنىڭ غەزىپىدىن قانداق قۇتۇلۇشنى بىلەلمەي ئويلىنىپ يۈرگەن ۋەزىر بىر كۈنى پۇرسەت تېپىپ پادىشاھقا ئەرز قىلىپ:

— شەھرىيار ئالەم، ئاڭلىشىمچە، شاھزادە يولدىن ئادىشىپ يامان يولغا قەدەم قويۇپ، بىرنەچچە لۈكچەكلەرنى ئەتراپىغا توپلاپتۇ. ئۇلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ سىزنى تەختتىن چۈشۈرۈپ پادىشاھ بولۇشنى نىيەت قىپتۇ. تەكشۈرۈپ كۆرسەم بۇ ۋەقەلەر راست ئىكەن، شۇڭا دۆلەتكە زىيان يېتىشتىن بۇرۇن ھوشيارلىق بىلەن بېسىقتۇرۇش لازىمدۇر. مەن ئۇزاق يىللىق دوستلۇقىمىزنىڭ يۈزىسىدىن ۋە تۇزلىرىنىڭ ھەققى ئۈچۈن بۇ ئىشلارنى سىلىگە مەلۇم قىلدىم، قالغان ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۆز ئىختىيارلىرىدا، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن رەڭگى ئۆزگىرىپ غەزىپى ئۆرلەپ، ھەقىقەتنى بىلمەي تۇرۇپ شاھزادىنى بۇ يۇرتتىن سۈرگۈن قىلىش توغرۇلۇق ئەمر قىپتۇ. شاھزادە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ھەيران بوپتۇ. بىراق، شاھ ئاتىسىنىڭ ئەمرىنى ئۆزىگە ۋاجىپ بىلىپ، قازاغا رازى بولۇپ، غۇربەت دەستىدە ئاۋارە بولۇپ، زار - زار يىغلاپ، ئۆزى يالغۇز غۇربەت يولىغا قەدەم قويۇپتۇ. شەھەر خەلقى يىغا - زار بىلەن ئارقىسىدىن چىقىپ ئۇزۇتۇپتۇ.

ۋەزىرنىڭ بىر ئوغلى بار بولۇپ، ئىسمى ھۆشمەن ئىكەن، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا شاھزادىنىڭ سادىق دوستى ئىكەن. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ھۆشمەن دوستىنى يالغۇز قويۇشنى مۇناسىپ كۆرمەي ئارقىسىدىن بېرىپ شاھزادىگە ھەمراھ بوپتۇ. بىر سودىگەر يىگىت بار بولۇپ ئۇ ھۆشمەن بىلەن دوست ئىكەن، ئۇمۇ بۇلارغا ھەمراھ بوپتۇ. سودىگەر يىگىتنىڭ بىر زەرگەر ئاغىنىسى بار ئىكەن، ئۇمۇ بۇرادىرىنىڭ سەپەرگە ماڭغانلىقىنى ئاڭلاپ بۇلارغا يولداش بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ تۆت كىشى باياۋانغا قاراپ يۈرۈپتۇ. ئۇلار كۆپ مەنزىللەردىن ئۆتۈپ بىر قانچە ۋاقىت يول يۈرگەندىن كېيىن ئو-

زۇق - تۇلۇكلىرى تۆكەپتۇ. شاھزادە پەرىشان بوپتۇ، ھۆشمەن شاھزادىنىڭ پېشانىسىدىن مالاللىقنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ:

— شاھزادەم، خىجىل بولماڭ، غەم قىلماڭ، چارە كۆرسەتكۈچى ھەق ھېچبىر بەندىسىنى ئۈمىدسىز قويمايدۇ. مەن تۆت دانە قىممەت باھالىق گۆھەر ئېلىۋالغانىدىم، ھەر بىرى بىر مەملىكەتنىڭ خىراجى بىلەن تەڭ. ئالدىمىزدا شەھەر بار، ئامال قىلىپ شۇ يەرگە بېرىۋالايلى، ئاندىن كېيىن گۆھەرلەرنى سېتىپ، ئېھتىياجىمىزنى قامدايلى، — دەپ يانچۇقىدىن گۆھەرلەرنى چىقىرىپ كۆرسىتىپتۇ. بۇنىڭدىن شادلانغان شاھزادە غەيرەتكە كېلىپ يول يۈرۈپتۇ. ئېھتىياتچان شاھزادە بىخەتەرلىك ئۈچۈن ھەر كېچىسى بىر كىشىنى كۆزەتچىلىككە قويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار مۇشۇ تەرىقىدە كۆپ يوللارنى بېسىپ بىر كونا ئۆتەڭگە يېتىپ كەپتۇ. ئۆتەڭنىڭ ئەتراپىدا كۆپلىگەن ئادەملەر ئولتۇرغان بولۇپ، تۆتىسى ئۇلاردىن خەۋپسىرەپ ئۆتەڭنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئاخشىمى زەرگەر يىگىت كۆزەتچىلىك قىپتۇ. تۈن نىسپى بولغاندا زەرگەر تۇزكورلۇق قىلىپ، يولداشلىقنى كۆڭۈل سەھىپىسىدىن ئۆچۈرۈپ، ھۆشمەننىڭ يانچۇقىدىكى گۆھەرلەرنى ئوغرىلاپ ئورنىغا تۆت دانە تاشنى سېلىپ قويۇپ، ئابرويىنى ئىنساپسىزلىق ۋە ئاچكۆزلۈككە تېگىشىپتۇ. ئەتىسى ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە يولغا راۋان بوپتۇ، ئۇلار غەيرەت قىلىپ ئىككى كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە بېسىپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ ھەمدە مۇۋاپىق بىر جاينى تېپىپ ئولتۇرۇپ ئارام ئاپتۇ. ھۆشمەن خۇشال ھالدا قولىنى يانچۇقىغا ساپتۇ، يانچۇقىدىن گۆھەر ئەمەس بەلكى تاش چىقىپتۇ. ھۆشمەن ھوشىنى يوقىتىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. شاھزادە بۇنى كۆرۈپ بىرەر ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى پەملەپتۇ ھەمدە دوستىنى خىجىل قىلماسلىق ئۈچۈن گۆھەرنى تىلغا ئالماپتۇ. ئۇ يولداشلىق پەردىسىنى يىرتماي تۇرۇپ ھۆشمەنگە: «ھەرقانداق ئىش بولغان بولسىمۇ تىلغا ئالما، يولداشلارنى خىجالەتكە قويمايلى» دەپتۇ. ئەمما ھۆشمەننىڭ تاقەت قاچىسى تېشىپتۇ ۋە سىر پەردىسىنى يىرتىپ دەپتۇ:

— ئەي شاھزادە، بۇ ئىش تۆتىمىز ئارىسىدا يۈز بەردى، سىزدىن گۇمان قىلمايمەن، چۈنكى مېنىڭ مال ۋە جېنىم سىز ئۈچۈن پىدا، مەن گۆھەرنىڭ ئىگىسى. گۆھەرلەرنى ئېلىۋالغۇچى ياخشىلىقچە قايتۇرۇپ بەرسە بولاتتى، چۈنكى بىز مۇساپىرمىز، بىرەر ئوقەتنىڭ يولىنى تاپقۇچە خىراجەت قىلىپ تۇرساق بولاتتى.

شاھزادە گۆھەرنى چوڭ بىلمىگەچكە، بۇ دەۋانى سۈرۈشتۈرگۈسى كەلمەپتۇ. ھۆشمەن ئىلاجسىز شاھزادىنىڭ سۆزىنى رەت قىلالماپتۇ - يۇ كۆڭلىدە پۇرسەت كۈتۈپ يۈرۈپتۇ. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى زەرگەر بىلەن سودىگەر يىگىت بىللە بازارغا چىقىپتۇ. ھۆشمەنمۇ شاھزادىگە بىر باھانە كۆرسىتىپ يولداشلىرىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ قازىنىڭ ئالدىغا داۋاغا كەپتۇ. قازى گۇمان بىلەنلا بۇلارغا جازا ھۆكۈم قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمەي ھۆشمەندىن ئىسپات تەلەپ قىپتۇ. ھۆشمەن دەۋاسىنىڭ ئۆتمىگەنلىكىدىن خىجالەت بولۇپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغان ئىشنى ئېيتىپتۇ، شاھزادە يولداشلىرىنىڭ كۆڭلىنى دەپ قۇلاق سالماپتۇ. ھۆشمەن بۇنىڭدىن پەرىشان بولۇپ ئايلىنىپ كىرىشكە چىقىپ كېتىپتۇ.

بۇ شەھەردە بىر دانىشمەن بوۋاي بولۇپ، كوچىدا كېتىۋېتىپ ھالى تولىمۇ پەرىشان ھۆشمەننى ئۇچرىتىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ھۆشمەن بوۋايغا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا:

— ئەي يىگىت، بۇ شەھەردە زېرەك ۋە دانالىقتا مەشھۇر بىر ئايال بار. كىمكى بىرەر مۇشكۈلچىلىككە ئۇچرىسا، شۇ خوتۇننىڭ ئالدىغا بارسا مۇشكۈلى ئاسان بولىدۇ، ئۇنىڭ سۆزىگە پادىشاھمۇ ئەمەل قىلىدۇ، ئەگەر مەقسىتىڭنى ھاسىل قىلىپ ئىشىڭنى ھەل قىلاي، دېسەڭ شۇ ئالىي تەبىئەتلىك

مەردانە سوپەت خوتۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرزىڭنى ئېيتقىن، شۇ ئارقىلىق گۆھىرىڭنى تاپالايسەن، — دەپتۇ.

ھۇشمەن بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان بوۋاي دېگەن خوتۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ بولغان ئىشلارنى باشتىن ـ ئاياغ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ خوتۇن:

— ئەي يىگىت، كەچقۇرۇن يولداشلىرىڭنى ئېلىپ ھۇزۇرۇمغا كەل، ھەر قايسىڭلاردىن ئايرىم ـ ئايرىم گەپ سورايمەن. ئەتە كېلىپ تۆت دانە گۆھەرنى ئېلىپ كەتكىن، — دەپتۇ. ھۇشمەن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەيران بوپتۇ، ئۇ شاھزادىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يولداشلىرىنى جەم قىلىپ، ئۇ خوتۇننىڭ ئۆزلىرىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. يولداشلىرى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىپتۇ.

ئۇلار خوتۇننىڭ ئۆيىگە بېرىپ قارىسا، ئۇ خوتۇن ئېسىل بىساتلار بىلەن ياسالغان ئۆيدە زىبۇزىننەتلىرىنى تاقاپ ئالتۇن كۇرسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانىكەن، ئەتراپىدا كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئەدەپ بىلەن تۇرغانىكەن. خوتۇننىڭ جامالىنىڭ گۈزەللىكى بوي تۇرقىدىن ھالاۋەت كەلتۈرۈپ تۇرىدىكەن، ئۇ شاھزادىنى كۆرۈپ ئېسىلزادە ئۇلۇغلار نەسەبلىرىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ شاھانە تائاملارنى ھازىر قىپتۇ. ئۇنى ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈپتۇ. شاھزادە بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال بولۇپ بۇ خوتۇنغا ئاپىرىن ئېيتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۇ خوتۇن باشقىلارنى چىقىرىۋېتىپ ئۆينى خالىي قىلىپ شاھزادىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن مۇنداق ھېكايە باشلاپتۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر شەھەردە ئىككى يىگىت يېقىن سىرداشلاردىن بولۇشقا ئەھدىلىشىپ دوست بولغانىكەن. ئۇ شەھەرنىڭ ئادىتىدە ھەر يىلى نورۇز بايرىمىدا بۇ شەھەرنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرى ئۆزلىرىنى زەر لىباسلار بىلەن زىننەتلەپ، دەريا بويىغا بېرىپ سۇغا چۈشۈپ بەدەنلىرىنى پاك قىلىپ، دەريا ساھىلىدا ئولتۇرۇش قىلىپ، بىر كېچە ـ كۈندۈز سەيلە ـ تاماشا قىلىدىكەن، بۇنداق سەيلە باشقا ھېچقانداق جايدا ئۆتكۈزۈلمەيدىكەن.

بۇ يىلمۇ شەھەرنىڭ نازىنىنلىرى توزدەك ياسىنىپ، دەريا بويىغا بېرىپتۇ. شەھەرنىڭ يىگىتلىرىمۇ تاماشا قىلىش ئۈچۈن بەزمە تەييارلىقىنى قىلىپ، ھەر تەرەپتىن سورۇن تاماشىغا كىرىشىپتۇ. ئادەملەر شۇنداق كۆپ ئىكەنكى، ئەگەر ھەر قانداق كىشى ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتسە، قايتا ئۆز جايىنى تاپقۇسىز ئىكەن. بۇ ئىككى جان دوستىمۇ تاماشا قىلىش ئۈچۈن قول تۇتۇشۇپ دەريا بويىغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئاي چىرايلارنىڭ لاتاپىتىدىن دەريانىڭ ساھىلى گۈزەل باغقا ئايلانغانىكەن. بۇ سەيلىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ قالسىلا قايتا تېپىشالمايدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئىككى بۇرادەرنىڭ بىرسى دوستىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېتىپ بارغانىكەن، تۇيۇقسىز ئالدىغا بىر ئالتۇن مەپە چىقىپتۇ. شۇ ھامان بىر شامال چىقىپ مەپىنىڭ يوپۇقىنى شۇنداق كۆتۈرگەنىكەن، يىگىتنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز مەپىنىڭ ئىچىدىكى بىر نازىنىن قىزغا چۈشۈپ قاپتۇ. قىزنىڭ جامالىدىن پۈتۈن ئالەم يورۇپ كېتىپتۇ. ئۇ قىزنى كۆرگەن ھامان كۆڭلىدە «بۇ پەرى غۇنچىنىڭ نىقابىدىن چىققان گۈلمىدۇ ياكى سەدەپنىڭ قېپىدىن كۆرۈنگەن گۆھەرمىدۇ ۋە ياكى بۇلۇتنىڭ پەردىسىدىن مارىغان ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايمىدۇ؟» دەپ ئويلاپ ئەقلى لال بوپتۇ. قىزنىڭ شەھلا كۆزلىرىدىن ئېتىلغان ئوقيا يىگىتنىڭ يۈرىكىگە تېگىپ، چالا بوغۇزلانغان قۇشتەك تۇپراققا يىقىلىپتۇ. ئۇ نازىنىن بىرلا ناز بىلەن تېزلىكتە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن، ئۇنىڭ دوستى بۇرادىرىنى ئىزدەپ كەلسە، بۇرادىرى چالا بوغۇزلانغان توخۇدەك جان تالىشىپ تۇپراققا مىلىنىپ ياتقانىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا قاراپ تۇرغانىكەن. ئۇ دەرھال دوستىنىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ، يۈزىنى سۈرتۈپتۇ. ئۇ بىچارە كۆزىنى



كىتاب نۇر بېكىتى www.nurkitap.com

ئېچىپ دوستىنى كۆرۈپتۇ، ئەمما ئەقىل قۇشى دىماغىنىڭ چاڭگىسىدىن پەرۋاز قىلغانىكەن. ئۆزىنى يىغىپ سۆزلىيەلمەپتۇ. دوستى ئۇنى يۇدۇپ بىر چەتكە ئاپىرىپ ئەھۋالىنى سوراپتۇ. ئۇنى ئىشقىنىڭ تىغى شېھىت قىلغانىكەن، مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي بۇرادەر، سەن سورىساڭ قان چاچقۇچى بىر جىلۋىگەرنىڭ مەپتۇن كۆزىنىڭ قاش كامانىدىن يۈرىكىمگە زەخمە يەتتى، بېشىمدىن ئايىغىمغىچە قان دەرياسىغا غەرق بوپتىمەن. ئەمدى ھال - زارىمغا يېتىپ، كۆڭۈل جاراھىتىمگە مەلھەم قويۇپ ياردەم قىلغايسەن.

ئۇنىڭ دوستى بۇنى ئاڭلاپ بۇرادىرىنى خاتىرجەملەندۈرۈپ:

— بۇرادەر، خاتىرجەم بول، سېنىڭ ئۈچۈن بېلىمنى باغلاپ چارىسىنى قىلىپ پۈتۈن ئالەمنى ئايلىنىپ بولسىمۇ مەقسەت گۆھىرىڭنى قولۇڭغا تاپشۇرمىغۇچە ھەرگىز توختىمايمەن، ماڭا ئۇنىڭ چىراي - شەكلى، تەقى - تۇرقىنى ئېيتقىن، ئۇنىڭ نىشانىسى كۆڭۈل سەھىپەمگە نەقىشلەنسۇن، ئاشۇ سۈرەتنى ئىزدەپ سەيياھلەردەك ھەر گۈلشەندىن، ھەر مەھەللىلەر ۋە ھەر كوچىلارنى ئاختۇرسام چوقۇم خەۋىرىنى تاپارمەن، چۈنكى ئۇ بۇ جايغا جەم بولغان خەلقلەرنىڭ سىرتىدا ئەمەس، — دەپتۇ. ئاشىق يىگىت ئۇنى قانداق سۈرەتتە كۆرگەن بولسا ئارتۇق - كەم قىلماي شەرھلەپ بېرىپتۇ، يىگىت بولسا سۈرەت سىزىشتا تەڭداشسىز ئىكەن، دەرھال قەلەمنى قولىغا ئېلىپ ئۇ پەرىزاتنىڭ سۈرىتىنى بۇرادىرى قانداق تەسۋىرلىگەن بولسا شۇنداق سىزىپ، بىر تاختا قەغەزگە تەييارلاپتۇ. ئاشىق مەشۇقىنىڭ جامالىنى سۈرەتتە كۆرۈپ چىن يۈرىكىدىن ئاھ تارتىپ يەنە بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. بىر كەمدە ھوشىغا كېلىپ كۆزلىرىدىن قان تامغۇزۇپ زار - زار يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. يولدىشى ئۇنىڭدىن بىتاقەت ۋە بىھوش بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ، ئاشىق جاۋاب بېرىپ:

— مەشۇقىنىڭ جامالىنى كۆرۈپ بىھوش بولدۇم، — دەپتۇ. ئۇ يىگىت بۇنىڭدىن سۈرەتنىڭ نۇقسانسىزلىقىنى بىلىپ خاتىرجەم بولۇپ:

— ئەمدى بىر نەچچە كۈن سەۋر قىلىپ ئۆيۈڭگە بېرىپ خەۋىرىمنى كۈتكىن، مەن ئىزدەپ باقاي، ئېھتىمال خەۋىرىنى تېپىپ قالارمەن، — دەپ رۇخسەت ئېلىپ، ئۆزىنى قەلەندەر سۈرىتىدە قىلىپ، شەھەرگە كىرىپ ئۆيلەرنى ھەر قانچە ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ. مۇشۇ تەرىقىدە نەچچە ۋاقىتلارغىچە سەھراغا يۈزلىنىپ جاھان كەزگۈچىلەردەك پۈتۈن قىشلاق، قەبىلە، قەلئەلەرگە بېرىپتۇ. قەيەردە غۇسۇل قىلماق ئۈچۈن دەريانىڭ بويىغا بارغانلارنىمۇ تەكشۈرمەي قويماپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئالتە ئايغىچە ھەر قانچە ئىزدەپمۇ مەقسەتنىڭ مەنزىلىگە يول تاپالماپتۇ. ئاخىر ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ھەسرەت– نادامەت بىلەن شەھەرگە قايتىپ كەپتۇ. ھېلىقى ئاشىق بىچارە بولسا زور ئۈمىد بىلەن ئولتۇرغانىكەن، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشنى جايىز كۆرمەي ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ھارغانلىقىدىن مېھمانخانىغا كىرىپ غۇربەتنىڭ توپىسىدەك بىر ياغلىقنى يۈزىگە يېپىپ ئۇخلاپتۇ. بۇ يىگىت ئەسلىدە بىر نازىنىن مەلىكىنى نىكاھىغا ئېلىپ خوتۇنىنىڭ جامالىنى تېخى كۆرمەي تۇرۇپلا، بۇرادىرى بىلەن دەريا بويىغا سەيلىگە كەتكەنىكەن، كېيىن يەنە ئالتە ئايغىچە ئۆيىگە بارماي دوستى ئۈچۈن سەرگەردان بولۇپ جاڭگاللاردا يۈرۈپتۇ. ئۆيىگە كېلىپمۇ ئىچكىرىگە كىرمەي مېھمانخانىدا يېتىپ ئۇخلاپتۇ. خوتۇنى بۇ ۋەقەدىن ئەجەبلىنىپ ھەقىقەتىنى بىلمەك ئۈچۈن خىزمەتكارنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا كۆڭۈلنى ئالدىغۇچى سۆزلەر ۋە زۆرۈر بولغان گەپلەرنى ئۆگىتىپ يىگىتنىڭ قېشىغا كىرگۈزۈپ، نېمە گەپ سۆز قىلسا ئاڭلىغانلىرىڭنى كېلىپ ئېيتقىن، — دەپتۇ. خىزمەتكار مەلىكىنىڭ پەرمانى بىلەن مېھمانخانىغا چىقىپ يىگىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەي يىگىت، گەرچە قوپاللىق بولسىمۇ بىر ئاز گېپىم بار ئىدى، كۆڭلۈڭگە ئالمىغايسەن، بۇ سۆزلەرنى مەلىكىنىڭ پەرمانى بىلەن ئۇنىڭ نامىدا

ئېيتماقچىمەن، — دەپ يىگىتنىڭ ئالدىدا ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇپ دەپتۇ، — مەلىكە ساڭا مۇنداق دېدى: «ئەي بىلمىسىز، ئەر - خوتۇنلۇق ئادىتىنىمۇ بىلمەيدىغان ھاماقەت، بۇ نېمىدېگەن ناچار ۋە يامان خۇي. غەپلەت ئۇيقۇسىدىن كۆزۈڭنى ئاچقىن، زامان ئەھلىنىڭ رەسىم ئادىتىدىن ئاگاھ بولغىن، خوتۇن بىلەن ئەرنىڭ قۇچاقلىرىدا لەززەت ۋە ھالاۋەت باردۇر. مېھىرسىزلىك قىلىپ نىكاھ قىلغان كېچىسى يار جامالىنى كۆرمەي تاشلاپ كېتىپ دەسلەپكى كۈنىلا خوتۇنۇڭنى جۇدالىق ئوتىغا گىرىپتار قىلدىڭ، ئالتە ئايغىچە خەلقئالەمنىڭ تەنە مازاقلىرىنىڭ ئاستىدا قويدۇڭ، شۇنچە ۋاقىتتىن كېيىن ئەمدى كېلىپ يەنە مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپسەن، بۇ نېمىدېگەن ۋىجدانسىزلىق، نىكاھ بىلەن مېنى خورسەن قىلمىدىڭ، دىدارىڭنى مەندىن ئېلىپ قېچىپ جامالىڭنى كۆرسەتمىدىڭ، مېنىڭچە سەندە مېنىڭ غېمىم يوقتۇر، مەندە بولسا سېنىڭ غېمىڭدىن باشقا نەرسە يوق، بۇ دۇنيادا ماڭا مۇنداق ئازاب سالساڭ قىيامەتتە ئاللانىڭ ئالدىدا جاۋاب بېرىسەن».

خىزمەتكار سۆزنى تامام قىلىپ جاۋابنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. يىگىت ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىقى ۋە بۇرادىرىنىڭ مۇشكۇل ئىشى ئۈچۈن ھەيرەت دەرياسىغا چۆمگەنىكەن. خىزمەتكارنىڭ سۆزى قۇلىقىغا زادىلا كىرمەپتۇ ۋە خىزمەتكارغا قاراپمۇ قويماپتۇ. خىزمەتكار يىگىتنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئۈمىدسىزلىنىپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھەممىنى بايان قىپتۇ. خوتۇنى بىتاقەت بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى نازىنىن تۇزدەك ياساپ خۇشال - خۇرام ھالدا يۈزلىگەن ناز خۇلق بىلەن ئېرىنىڭ ئالدىغا كىرىپ شىكايەت قىلىشقا باشلاپتۇ. يىگىت خوتۇنىنىڭ چىرايىغا شۇنداق قاراپلا، پۈتۈن ئالەمنى ئىزدەپ يۈرۈپ تاپالمىغان مەقسەت گۆھىرىنىڭ دەل ئۆز خوتۇنى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ساراسىمىگە چۈشۈپ:

— توۋا، ئۇ ئۆيۈمدە تۇرسا جاھاننى ئاختۇرۇپ يۈرۈپتىمەن، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇرادىرىنى مۇھەببەت تىغىدا بوغۇزلىغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئازاب دولقۇنىغا غەرق بوپتۇ. «ئەگەر دوستلۇقنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئۆز خوتۇنۇمنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتسەم خەلقئالەم ئىچىدە ۋىجدانسىزلىققا چىقىرىلىپ يامان نامغا قالىمەن، نامىمنى ساقلاي دېسەم ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيان جان دوست بۇرادەرلەردىن بولۇپ كەلدىم، ئۇنى ئىشق بالاسىنىڭ دەردىدە قويۇپ نامەردلىك قىلسام مۇھەببەت ۋە دوستلۇقنىڭ مالامىتىگە گىرىپتار بولىمەن» دەپ كۆپ ئەندىشە قىلىپ، دوستلۇقتىن ئەنسىرەپ دوستىغا ۋاپاسىزلىق قىلىشنى نامەردلەرنىڭ ئىشى دەپ، خوتۇنىنىڭ تاپا - تەنىسىدىن ئەندىشە قىلماي، مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي دىلىمنىڭ ئارامى، مېنىڭ بىر جان دوستۇم بولۇپ، كۆڭۈل ئېتىزىغا مۇھەببەت ئۇرۇقى چۈشكەنىدى، ئۇنىڭ بىلەن جانجان دوستلۇقىمىزدىن ھەممىنى تاشلاپ ئۇنىڭ مەشۇقىنى ئىزدەپ ئۇزاق مۇددەت پۈتۈن جاھاننى ئايلىنىپ يۈرۈپ ھېچ خەۋىرىنى ئالالمىغانىدىم، ئەمدى قارىسام ئۇنىڭ مۇرادى ۋە مەشۇقى كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ، ئەمدى سەندىن ئۈمىدىم شۇكى، جامالىڭنىڭ نۇرى بىلەن ئۇ بىچارىنىڭ كۆڭۈل بېغىنى يورۇتۇپ دىدارىڭغا يەتكۈزسەڭ.

چېقىن تەھدىتىدىن بولدى پارە
بولۇپ غۇنچە يۈزى قىپقىزىل قان.
يېغىن يامغۇرىدىن دەريا يۈزىگە
بۇلۇتنىڭ ئوقى تېگىپ تارتتى پىغان.

مەلىكە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، قاتتىق غەزەپلىنىپ:

— ئەي ئەرلەرنىڭ كېرەكسىزى، پەسكەشلەرنىڭ نومۇسسىزى، سەن بىر ئەركىشى تۇرۇپ بۇ سۆزلەر ئاغزىڭدىن قانداق چىقتى؟ پەرىزىمچە ئۇزۇڭچە دوستۇڭغا سادىق بولدۇڭ، ۋاپادارلىق ئادە-

تىدە ئاپپاق بولدۇڭ. لېكىن ئېيتىپ باققىن، ھالال خوتۇنۇڭنى نامەھرەملەرنىڭ قولىغا تاشلاپ بېرىپ نومۇس خامىنىغا ئوت قويماق ھېچقانداق يەردە جايىز ئەمەستۇر. بۇنداق ئىپلاس خىيالنى كاللاڭدىن چىقىرىپ يامان ئىشنىڭ يۈز بېرىشىغا يول قويمىغىن.

يىگىت دەپتۇ:

ــ ئەي قەلبىمنىڭ پاك گۈلى، تەسىرلىك سۆزلىرىڭگە جان دىلىم پىدا بولسۇن، مەنمۇ بىلىمەن سىنىڭ سۆزلىرىڭ ھەقتۇر، لېكىن دوستلۇق يولىدا نومۇسنى سەرپ قىلىپ جان دىلىمنى پىدا قىلغايمەن، بۇ سۆزلىرىڭنىڭ پايدىسى يوق، ئەمدى سەن پەرمانىمغا مەھكۇمسەن، ئارتۇق سۆز قىلماي تېز بېرىپ ئۆزۈڭنى ياساپ ئول بىچارە ئاشىقنىڭ ئۆيىگە بېرىپ دىۋانە كۆڭلىگە تەسەللىي بەرگىن، ئۇيات پەردىسىدىن چىقىپ دىلبەرلىك نەغمىسىنى ساز قىلغىن.

مەلىكە ئېرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن نائىلاج ئۆزدىگە زىننەت بېرىپ، ئالتۇن مەپىگە ئولتۇرۇپ بىر قانچە خىزمەتكارى بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئۇمەجنۇننىڭ تۇرار جايى شەھەردىن يىراقتا ئىكەن، ئۇلار كېتىپ بارسا بىر توپ قاراقچىلار يولىنى توسۇپتۇ، بۇ ھارامخورلار مەلىكىنى زىبۇ ـ زىننەت بىلەن كۆرۈپ چوڭ ئامەت كەلگەنلىكىنى بىلىپ ھەممىنى بۇلىماقچى بوپتۇ. ئەقىللىك مەلىكە بۇنى كۆرۈپ، قاراقچىلارغا ئېيتىپتۇ:

ــ يىگىتلەر، سىلەردىن ئىلتىماس قىلىمەنكى بىردەم تەخىر قىلىپ سۆزۈمنى ئاڭلىساڭلار ئاندىن كېيىن ھەممە ئىختىيار سىلەردە، ــ دەپتۇ.

قاراقچىلار ماقۇل بوپتۇ. مەلىكە دەپتۇ:

ــ مەن بولسام تونۇلغان خوتۇندۇرمەن، بۈگۈن ئاخشام ئاشنامنىڭ قېشىغا ماڭدىم، ئۇ يەردە كۆپ ئالتۇنلار مېنىڭ بولىدۇ، شۇنىڭغىچە مۆھلەت بەرسەڭلار، بۇ زىبۇ ـ زىننەتلىرىم بىلەن ئاشىقىمنىڭ قېشىغا بېرىپ، قايتقاندا يەنە قېشىڭلارغا كېلىپ ئالغان بايلىقلىرىم بىلەن قوشۇپ زىبۇ ـ زىننەتلىرىمنى سىلەرگە تاپشۇرسام.

قاراقچىلار ئۇنىڭ بىلەن ئەھدىلىشىپ رۇخسەت بېرىپتۇ. مەلىكە ساق ـ سالامەت خەۋپتىن قۇتۇلۇپ، دۆلەت ۋىسالىغا ئېرىشىپ راھەت كۆرپىسىدە خاتىرجەم ئولتۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار كۆرۈشۈپتۇ. ئەقىللىك خوتۇن ئۆزىنى پەرىشان كۆرسىتىپ خاپا ھالدا ئولتۇرۇپ بىردەمدىن كېيىن يىگىتنىڭ يۈزىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن قارىۋېتىپ يەنە جىم ئولتۇرۇپتۇ. يىگىت بۇنىڭدىن بىر گەپ بارلىقىنى بىلىپ دەرھال ھوشىنى تېپىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن كۆزىنى ئېچىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. مەلىكە ئولتۇرۇپ ھەممە ئەھۋالنى باشتىن ـ ئاخىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاشىق يىگىت بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دوستىنىڭ مەرتلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە ئۆزرىلەر ئېيتىپ ھەددى ھېسابسىز ئالتۇن ۋە دۇنيالارنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ مەلىكە ئۆيىگە ماڭغاندا خىزمەتكارلار:

ــ باشقا يول بىلەن مېڭىپ ئوغرىلارنىڭ بالاسىدىن ئامان قالساق، ــ دەپتۇ. مەلىكە ئەھدىگە خىلاپلىق قىلماي ئوغرىلارنىڭ ماكانىغا كېلىپ ئەكەلگەن مال ۋە ئالتۇنلىرىنى ھەم ئۆزىنىڭ لىباسلىرىنى چىقىرىپ ئالدىدا قويۇپتۇ. ئوغرىلارنىڭ كاتتىبېشى بۇ خوتۇننىڭ  گېپىدە تۇرىدىغان مەجەزىنى ۋە مەرتلىكىنى كۆرۈپ ئاپىرىن ئېيتىپ، يەنە ئۆز يانچۇقىدىن بىر قىسىم ئالتۇننى قوشۇپ مەلىكىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۆزرە ئېيتىپ ساق ـ سالامەت يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. مەلىكە خۇشال ھالدا ئۆيىگە كېلىپ ئېرىگە بولغان ئىشلارنى بايان قىپتۇ. ئاندىن كېيىن خاتىرجەم ھالدا ئېرى بىلەن راھەت تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ.

خوتۇن ھېكايىسىنى تامام قىلىپ سوراپتۇ:

ــ ئەي شاھزادە، سەن ئۇلارنىڭ قايسىسىغا ئاپىرىن ئېيتىسەن؟

شاھزادە ئوغرىلارنىڭ مەرتلىكىگە، خوتۇننىڭ

پاكلىقىغا ۋە ئېرىنىڭ دوستلۇقىنى ئۆزىنىڭ نومۇسىدىن ئۈستۈن قويغىنىغا ئاپىرىن ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇن شاھزادىنىڭ چىقىپ كېتىشىگە ئىجازەت بېرىپتۇ. نۆۋەت ھۇشمەنگە كەپتۇ. ئۇ كېلىپ شاھزادىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ. خوتۇن ھېكايىسىنى تەكرارلاپ:

— ئەي ھۇشمەن، بۇلارغا قانداق قارايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ھۇشمەن جاۋاب بېرىپ:

— ئوغرىلارنىڭ بۇنداق ئالىيجاناب بولۇشى ئەقىلدىن يىراقتۇر، — دەپتۇ.

ئاندىن كېيىن سودىگەر يىگىتنى چاقىرىپ سوراپتۇ. سودىگەر يىگىت دەپتۇ:

— ئوغرىلارنىڭ بۇنداق ئالىيجانابلىق قىلىشى بەك ئەجەبلىنەرلىك بوپتۇ.

نۆۋەت زەرگەر يىگىتكە كەپتۇ. خوتۇن ھېكايىسىنى ئېيتىپ بولۇپ، «ئوغرىلار مەلىكىنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغىنى ئۈچۈن، ئۆز يېنىدىن ئالتۇن بېرىپ، ئېرىنىڭ قېشىغا ساق ـ سالامەت يولغا سېلىپ قويۇپتۇ» دېگەن يەرگە كەلگەندە دەرغەزەپ بولۇپ:

— ناھايىتى نادانلىق ۋە ئەقىلسىزلىك بوپتۇ. شۇنداق چوڭ پايدىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ، — دەپ ئىچى ئېچىشىپ كېتىپتۇ.

دانىشمەن خوتۇن دەرھال زەرگەرنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، ئەي نادان، بۇنداق تېزلا سىرىڭنى پاش قىلىپ قويۇشۇڭ ناھايىتى خاملىقىڭدىندۇر. ئەڭ ياخشىسى، بۇ ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىپ رەسۋا بولۇشتىن بۇرۇن گۆھەرلەرنى ماڭا تاپشۇرۇپ بەرگىن. مەن ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەي. لېكىن خاتىرجەم بولغىن، مەن كىشىلەرنىڭ ئەرزلىرىنى سوراپ، تا مۇشۇ كەمگىچە ھېچكىمنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايغىنىم يوق، — دەپ بىر خىزمەتكارىغا ئىشارەت قىپتۇ. خىزمەتكارى بىر تاۋاق گۆھەرنى ھازىر قىپتۇ. خوتۇن زەرگەر يىگىتكە:

ـتۆت دانە گۆھەرنى ئۇنىڭ ئارىسىغا قوشۇپ قويغىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ. زەرگەر راستىنى ئېيتماسلىقىغا چارە تاپالماي ئاخىر گۆھەرلەرنى ئاستا تاۋاقنىڭ ئىچىگە قويۇپ، يولداشلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئەتىسى بۇ تۆتەيلەن دانىشمەن خوتۇننىڭ ئىشىكىگە كەپتۇ. خوتۇن بۇلارغا دەپتۇ:

— يىگىتلەر، بۈگۈن ئاخشام ھەر قانچە قىلىپمۇ ئوغرىنى ئەسلا تاپالمىدىم، سىلەر بۇ دىيارغا مۇساپىر، ئەگەر تۆت دانە گۆھەر سىلەرگە زۆرۈر بولغان بولسا مەن سىلەرگە ئۆز يېنىمدىكىنى بېرەي، — دەپ تاۋاقنى كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپ بىر تاۋاق گۆھەرنى يىگىتنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ھۇشمەن قارىسا ئۆزىنىڭ تۆت دانە گۆھىرى تاۋاقنىڭ ئىچىدە تۇرغانىكەن، ئۇ دەرھال ئېلىپ يانچۇقىغا ساپتۇ. خوتۇن ئۇنىڭ پەمى بارلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

ئۇلار بۇ يەردىن چىقىپ شەھەردە بىر مەنزىلنى ئۆزلىرىگە ماكان قىلىپ شاھزادىنى ئىززەت تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ھۇشمەن گۆھەرنى بازارغا ئاچىقىپ ساتماقچى بوپتۇ. جاۋاھىرپۇرۇشلار قارىسا تۆت دانە گۆھەرنىڭ ھەربىرى ئىنتايىن قىممەتلىك، بىباھا ئىكەن. ئۇلار بۇنداق گۆھەرلەرنىڭ بىر غېرىب يىگىتنىڭ قولىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ «بۇ يىگىت ئوغرى ئىكەن» دەپ ئويلاپ، ئۇنى تۇتۇپ، قولىنى باغلاپ، قازىخانىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. قازى ئۇنىڭ بوينىغا زەنجىر سېلىپ، زىندانغا ئاپىرىپ قاماپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە پادىشاھ ھەممە دۆلەت ئەركانلىرىنى يىغىپ، مەجلىس قىلغاندا قازى كىشەنلەنگەن ھۇشمەننى تۆت دانە گۆھەرى بىلەن بىللە پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ تەختىنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرۇپتۇ. پادىشاھ گۆھەرلەرنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ ھۇشمەندىن:

— بۇلارنى نەدىن ئالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ھۇشمەن راست سۆزلىمەكتىن باشقا ئامال تاپالماي بولغان ئىشلارنىڭ بىرىنى قالدۇرماي بايان قىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئاجايىپ ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شاھزادىنى كەلتۈرۈشكە پەرمان بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ مۇلازىملىرى شاھزادىنى ئىززەت بىلەن پاد ـ

شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. بۇ ئىشلار پۈتۈن شەھەرگە تارىلىپتۇ. ھەر تەرەپتىن كىشىلەر شاھزادە بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كېلىشىپتۇ.

پادىشاھنىڭ بىر قىزى بار بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان شاھزادىنىڭ جامالىنى چۈشىدە كۆرۈپ، ئۇنىڭ پىراقىدا يوشۇرۇن نالە قىلىپ يۈرگەنىكەن. لېكىن مۇرادىنىڭ مەيىن شامىلى قايسى تەرەپتىن كېلىپ كۆڭۈل غۇنچىسىنى نېمە باھانە بىلەن ئېچىلدۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. بۇ كۈنى مەلىكمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئايۋاننىڭ ئۈستىگە كېلىپ پەنجىرىنىڭ ئارقىسىدىن تاماشا قىلىپ تۇرغانىكەن، بىردىنلا شاھزادە بارگاھنىڭ ئىشىكىدىن كىرىشىگە مەلىكىنىڭ كۆزى شاھزادىگە چۈشۈپتۇ. قارىسا، بۇ شاھزادە دەل ئۇنىڭ يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرگەن مەشۇقى ئىكەن. مەلىكە شۇ ھامان ئىختىيارسىز ئاھ ئۇرۇپ بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. كېنىزەكلەر كېلىپ مەلىكىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ مەلىكىنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىپ، شاھزادىنى چاقىرتىپ كەلگەنلىكىگە پۇشايمان قىپتۇ. پادىشاھ دۆلەت ئەركانلىرىنى چاقىرتىپ مەسلىھەت سالغانىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ سۆز خەلق ئارىسىدا تارقىلىشتىن بۇرۇن مەلىكىنى شاھزادىگە نىكاھ قىلىپ بېرىڭ، چۈنكى شاھزادىمۇ پادىشاھ نەسلىدىن ئىكەن. پەلەكنىڭ چۆرگىلىتىشى بىلەن سەرگەردان بولۇپ بۇ شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ، — دەپتۇ. پادىشاھقا بۇ سۆز ماقۇل كېلىپ، شەھەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن نىكاھ قىلىپ بېرىپتۇ. شاھزادە مەلىكىدىن مەقسەت ھاسىل قىلىپ، مۇرادىغا يېتىپتۇ. نەچچە زامانلاردىن كېيىن پادىشاھ ئاخىرەتكە سەپەر قىپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ ئورنىغا بۇ شەھەرگە پادىشاھ بولۇپ تەختتە ئولتۇرۇپ، ھۇشمەننى ۋەزىر قىلىپ ھەممە ھوقۇقنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپتۇ، قالغان ئىككى يولدىشىغا كۆپ ئىنئاملارنى بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شاھزادە قالغان ئۆمرىنى مەلىكىسى بىلەن بەخت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە دولان يېزا بەشئېرىق كەنتىدىن ئابدۇللاخان موللا ئىبراھىم،
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئاۋات ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىدا)



# ئۈچ رىۋايەت

توپلاپ رەتلىگۈچى: **سابىرجان سىيت**

### پادىشاھنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئولتۇرسا ـ قوپسا ئۆلۈم توغرىسىدا ۋەھىمە يەپ يۈرىدىكەن، دائىم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش توغرۇلۇق مەسلىھەت سورايدىكەن. ئەزرائىل ھېلىلا كېلىپ جېنىنى ئالىدىغاندەك كېچە ـ كۈندۈز غەم بىلەن ياشايدىكەن.

پادىشاھ بىر كۈنى قول ئاستىدىكى ۋەزىر، مۇنەججىملەرنى يىغىپ بۇ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئارزۇسىنى بايان قىلىپ:

— ئەي دانالىرىم، ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسى يۈرىكىمنى مۇجۇپ، سەپەر ئۈستىدىكى كىشىدەك ھالسىراپلا تۇرىمەن، ئەجەل ياقامدىن سۆرەۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. ئاتا ـ بوۋامۇ خانلىق تەختتە ھۆكۈم سۈرگەنىدى، زالىم ئەجەل ئۇلارغىمۇ رەھىم قىلماي قارا يەرگە يەم قىلدى. ئەمدى شاھلىق ماڭا يەتتى، مېنىڭمۇ شۇلارغا ئوخشاش بۈگۈن يا ئەتە تۇپراققا كۆمۈلىشىم كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كونىلار «سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دەپتىكەن، شۇڭا ھەر قايسىڭلار ئۆمرۈمنى ئۇزارتىشنىڭ ئامالىنى تېپىڭلار. ئەگەر ئامال تاپالمىساڭلار ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىمەن، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئوردا ئەھلى غەم دېڭىزىغا چۆكۈپتۇ. دۇنيا ئاپىرىدە بولۇپ ھازىرغا قەدەر بىرەر تېۋىپ ياكى بىرەر دانا كىشى ئادەمنىڭ ئۆمرىنى بىرەر كۈن ھەتتا بىرەر سائەت ئۇزارتىپ باققان ئەمەسكەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار پادىشاھنىڭ ئۆمرىنى قانداقمۇ ئۇزارتالىسۇن؟

ئۇزۇنغىچە ھېچكىم زۇۋان سۈرمەپتۇ. ئاخىرقى رەتنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تۇرغان ياش بىر مۇنەججىم ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھقا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— شاھىم، ئۆزلىرىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىشنىڭ چارىسىنى مەن بىلىمەن، ئاۋۋال بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، ئاندىن ئېيتىمەن، — دەپتۇ.

— كەچتىم، قېنى سۆزلە، — دەپتۇ پادىشاھ.

— شاھنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئوڭاي، — دەپتۇ مۇنەججىم، — بىراق ئوردا ئىچىدە ئولتۇرغانلار بۇنىڭ ئامالىنى قىلالمايدۇ، بۇ ئىشقا پەقەت دۆلىتىمىزدىكى ئاۋام خەلق ئامال قىلالايدۇ.

پادىشاھ تېخىمۇ ئەجەبلىنىپ:

— گەپنى ئوچۇق قىل، — دەپتۇ.

— شاھىمىزنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى بىزنىڭ ۋە ئاۋامنىڭ بەختى، شۇنىڭ ئۈچۈن غەزىنىدىكى بارلىق ئالتۇن - كۈمۈش، ئامباردىكى بارلىق ئاشلىقنى خەلققە قەرز قىلىپ تارقىتىۋەتسىلە ۋە «قاچان پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتسە قەرز قايتۇرۇۋېلىنىدۇ» دەپ پەرمان چۈشۈرسىلە. شۇنىڭ بىلەن خەلق قەرز تاپشۇرۇش ۋاقتىنىڭ بالدۇر كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ كېچە - كۈندۈز ئۆزلىرىگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ گەپكە دەرھال قوشۇلۇپتۇ. ئۇ شۇ كۈنىلا ھەممە يۇقىرىلارنى يىغىپ غەزىنىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش ۋە ئاشلىقلارنى «قاچان مەن ئۆلسەم شۇ چاغدا غەزىنىگە قايتۇرۇپ بېرىسىلەر» دەپ ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ. خەلق پاراۋان، خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە بولۇپ، پادىشاھنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى تىلەپتۇ. پادىشاھمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپتۇ. «دۇئا بىلەن ئەر كۆكىرەر، سۇ بىلەن يەر كۆكىرەر» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

## تەلۋەچۆك ۋە يامانيار

قەشقەرنى زھۇرىددىن ھاكىمبەگ سوراپ يۈرگەن دەۋردە، ئوردا ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ ھازىرقى يامانيار يېزىسىنىڭ سۇبھانالla كەنتىدىكى مۇسا قازىنىڭ ئۆيىگە باغ سەيلىسىگە بېرىپتۇ، مۇسا قازىئاخۇنۇمنىڭ باغلىرىنى ئايلىنىپ، يۇرتنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ ۋە قازىئاخۇنۇمغا باشقا ئەل - ئاۋامنىڭ ناھايىتى نامرات، يوقسۇزچىلىقتا كۈن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، تۇۋا قىلدىم «سۇبھانالla»، نېمانچە يوقسۇز كىشىلەر بۇ» دەپتۇ. قايتىدىغان چاغدا مۇسا قازىئاخۇنۇمنى يېنىغا چاقىرىپ، قازىئاخۇنۇم ئۆزلىرى يۇرت كاتتىسى بولغاندىكىن بىر ئامال - چارە ئىزدەپ خەلقنىڭ ھالىغا يەتسىلە، دەپ جېكىلەپتۇ. مۇسا قازىئاخۇنۇم يۇرت خەلقىنى دېھقانچىلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلاي دېسە، ئۇرۇقلۇق تېپىپ بېرىشكە كۆزى يەتمەپتۇ، قانداق قىلىشنى بىلمەي بېشى قېتىپ تۇرغاندا دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى بىر زالىم باينىڭ قوغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى، لېكىن باشقا كىشىلەرگە بىر تالمۇ قوغۇن ئۇرۇقى بەرمەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. شۇ يىلى قوغۇن پىششىقى مەزگىلىدە مۇسا قازىئاخۇنۇم بىر پالۋان يىگىتنى تاللاپ «بىز دەريانىڭ بۇ قېتىدا قاراپ تۇرىمىز، سەن تۈن كېچە بىلەن دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، بايغا تۇيدۇرماي بىر قانچە قوغۇن ئۈزۈپ كېلىسەن. قوغۇن تېرىپ سېتىپ، كۈنىمىزنى ياخشىلايلى» دەپتۇ. بىر كۈنى تۈن نىسپى بولغاندا يۇرت كاتتىلىرى ۋە دېھقانلار دەريا بويىغا توپلىشىپتۇ، پالۋان يىگىت دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ دەريانىڭ ئۇ قېتىغا باراي دېگەندە قارشى قىرغاقتىكى باي دەرياغا چىراغ تۇتۇپتۇ. مۇسا قازىئاخۇنۇم دەرھال «ھەي پالۋان چۆك» دەپتۇ. ئەمما پالۋان ئۈزۈۋېرىپتۇ. ئاچچىقى كەلگەن قازىئاخۇنۇم «ھەي تەلۋە، سۇغا چۆك» دەپ ۋارقىراپتۇ. پالۋان چۆكۈپ دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىدىن قاشقا چىقىپ قوغۇن ئېلىپ كېلىپ، يۇرت خەلقىنى قوغۇن ئۇرۇقى بىلەن تەمىنلەپتۇ. خەلق قوغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن يۇرتنىڭ ئىسمى «سۇبھانالla»، دەريانىڭ ئىسمى «تەلۋەچۆك» دەپ ئاتىلىپتۇ.

يېقىنقى زامانلارغا كەلگەندە رىۋايەت قىلغۇچىلار تەلۋەچۆك دەرياسى ۋە يامانيار دېگەن ئۇقۇملار ھەققىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق رىۋايەتلەرنىمۇ تارقاتقان:

ئۇيغۇر كىتاب تورى

زامانى ئەۋۋەلدە يامانيار دېگەن بۇ يۇرت كەڭرى كەتكەن قېلىن جاڭگاللىق ئىكەن، بۇ يەرنىڭ سۈيى تولىمۇ مول بولۇپ، تەلۋەچۆك دەرياسى لىق تولۇپ، قىرغاق سۈيۈپ ئاقىدىكەن. يامغۇر يېغىپ كەلكۈن كەلگەن چاغلاردا بۇ جاڭگاللىقنىڭ ھەممە يېرىنى لاي سۇ بېسىپ كېتىدىكەن، يۇرتنىڭ ئايىغىدا بىر چوڭ سۇ ئايرىش توسمىسى بولۇپ، ھەر يىلى كەلكۈن كەلگەندە يۇرت خەلقى رەھىمسىز كەلكۈن بىلەن ئېلىشىپ توسمىغا تىنىم تاپماي ئىشلەپ ئۆرە تۇرغۇدەك ھالى قالمايدىكەن، شۇڭا كەلكۈن كەلسىلا كىشىلەر «ھەي، جانغا زۇلۇم ھېلىقى يامانيارغا ئىشلەيمىز» دەپ، بۇ يەر كېيىنچە «يامانيار» دەپ ئاتىلىپتۇ.

«سۇبھانالله» دېگەن بۇ يۇرت تەلۋەچۆك دەرياسى بويىدىكى يولغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يۇرتتا رابىيە ـ سەئىدىن دېگەن بىر جۈپ ياش كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپ دەريا بويىدا قوي بېقىپ بىللە ئويناپ چوڭ بوپتۇ، شۇ يۇرتتىكى دىنىي مەكتەپلەردە بىللە ساۋاق ئېلىپ چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىپتۇ. ئۇلار يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، قىيامەتلىك ئاشىقلاردىن بولۇشقا ۋەدىلەر بېرىشىپ، ئۆز مۇھەببەتلىرىنى ئىزھار قىلىشىپتۇ. سەئىدىننىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئەقىدەلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى ئۇلۇغلاپ، بۇ ئىككىسىنىڭ تويىنى قىلىپ قويۇش ئۈچۈن رابىيەنىڭ دادىسى ياقۇپ باينىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ. ياقۇپ باي ئۆزىنىڭ ئاززۇلۇق قىزىنى نامرات ئائىلىنىڭ پەرزەنتىگە ياتلىق قىلىشنى ئۆزىگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ بىلىپ، ئەلچىلەرنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ئۇ تېخىمۇ كۆپ ئابرۇيغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن قىزى رابىيەنىڭ ھەسرەت نالىسىگە قارىماي، رابىيەنى تەلۋەچۆك دەرياسىنى باشقۇرىدىغان كۆك بېشى جابىرغا ياتلىق قىلماقچى بوپتۇ. پاك ئىنسانىي خىسلىتى جاھالەت تەرىپىدىن خورلانغان سەئىدىن مەشۇقى رابىيەنىڭ ئىشقى ـ پىراقىدا كۆيۈپ، ئاچچىق ھەسرەت ۋە زۇلۇم دەستىدىن قان يۇتۇپ، ياش ھاياتى بىلەن مەڭگۈ ۋىدالىشىپتۇ. ياقۇپ باي رابىيەنى جابىرغا ياتلىق قىلىشقا پۈتۈشۈپ توي كۈنىنى بېكىتىپتۇ. توي كۈنى سەھەردە رابىيە سىڭلىسى بىلەن سۇ ئەكېلىشنى باھانە قىلىپ تەلۋەچۆك دەرياسى بويىغا بېرىپ سەئىدىننىڭ قەبرە بېشىدا كۆز يېشى قىلىپ، ئاماراق سىڭلىسىغا ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، سىڭلىسىنى باغرىغا بېسىپتۇ، ئاندىن جاھالەتكە ئىسيان ئېلان قىلىپ تەلۋەچۆك دەرياسىنىڭ سۇ ئالىدىغان كاچكۇلىغا ئۆزىنى ئېتىپ، غۇنچە ھاياتى بىلەن خوشلىشىپتۇ. رابىيەنىڭ جەسىتى ئېقىپ بېرىپ يامانيار توسمىسىدىكى لاي ـ لاتقىلارغا ئىلىنىپ قاپتۇ. كېيىنكى يىلى توسما قۇرۇلۇشىغا ئىشلەۋاتقان خەلق رابىيەنىڭ جەسىتىنى توسما ئاستىدىن ئېلىپ، بۇ توسمىدىن بىر چوكان چىقتى، دېيىشىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ توسما «چوكانيار» توسمىسى دەپ ئاتىلىپتۇ. بىر گۈزەل قىزنى چۆكتۈرۈپ كەتكەن بۇ دەريانى تەلۋە دەريا، چۆكتۈرمە دەريا، «تەلۋەچۆك» دەرياسى دەپ ئاتىشىپتۇ. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئۇيغۇر تارىخشۇناس نازارى مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ :

سۈيى باردۇر ئاندا ئېتى تەلۋەچۆك،
بىغايەت مۇسەپپا ئۆزىدۇر چۈچۈك.

ھازىرقى زامان ئەدىبلىرىدىن ئەھمەد زىيائىي ئەپەندىم تېخىمۇ روشەن شەرھلەپ مۇنداق يازىدۇ:

كىشى گەر سۇبھانئاللادىن پىيادە،
قاراپ شەرققە يېرىم كۈندىن زىيادە.

مېڭىپ كەتسە مۇشۇ دەريانى بويلاپ،
پايانسىز ياپ ـ يېشىللىققا قاراپ.

كۆرىدۇ شۇنچە كۆپ قوزۇق قېقىلغان،
ھېسابسىز شاخۇ ـ شۇمبا، ئوت بېسىلغان.

ئېگىزدىن پەسكە سەكرەپ چۈشىدۇ سۇ،
ياساپ سانسىز كۈمۈش رەڭ قۇببىچە ئۇ.

ياسالسا بۇ قۇببىچىلەر قانچىلىك تېز،
يوقايدۇ ئۇ شۇنداقلا ئىزسىز.

بۇ يەردىن تەلۋەچۇڭ دەرياسى ھەر يىل،
ئېرىپ قار، ياغسا يامغۇر باشلىسا سېل.

ئېلىپ يار كېتىدۇ شۇ، بوش ياۋغا،
كىشىلەرنى سېلىپ جەبىر ـ جاپاغا.

بۇ يەرنى ئەل يامانيار دەپ ئاتايدۇ،
جاپا مېھنەت ماكانى دەپ قارايدۇ.

بولۇپ بۇ ۋەقە ئۆزگەردى نامى،
ئاتاشتى «چوكانيار» دەپ خەلق تامامى.

كىشىلەر ئاغزاكى «چوكانيار» ھەققىدە يەنە مۇنداق بىر تەپسىلاتمۇ تارقالغان:

تەلۋەچۇڭ دەرياسىدىكى يامانيار ئېغىزى بىر قانچە چوڭ دەريانىڭ تۈگۈنى بولۇپ، قىش ۋە ياز پەسلىدە دائىم دېگۈدەك كەلكۈن كېلىپ، تاشقىن ئاپىتى يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، خەلق يار ئېتىپ بولالماي، رەھىمسىز كەلكۈننىڭ جەبىر ـ جاپاسىدىن ئۆز ماكانلىرىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىپتۇ. يۇرت چوڭلىرى ياقا يۇرتتىكىلەر سۇ تۇتمىغان يارغا تۇرسۇن، توختى ئىسىملىك كىشىلەرنى باسسا، سۇ شۇ ھامان توختارمىش دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ، شۇ ئىسىمدىكى كىشىلەرنى يارغا بېسىپتۇ. لېكىن ياردىكى سۇ ئېتىلمەپتۇ. بۇنداق ئىسىمدىكى ئەر كىشىلەرنىڭ ھايات قالغانلىرى ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىپ جېنىنى ساقلاپتۇ. ئاخىر شۇ ئىسىمدىكى ئاياللارنى يار توسمىسىغا بېسىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن يامانيار توسمىسى «چوكان-يار»توسمىسى دەپ ئاتىلىپتۇ.

## ۋاپادار قەدىناسلار

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدىكەن يېتىم بۇلۇڭدا، تېرىق تۇلۇمدا ئىكەن. يولۋاس جاڭجالچى، تۈلكە داققالچى ئىكەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر دەريا بويىدا بىر ـ بىرىگە بەكمۇ ئامراق، نامرات بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن بېلىق تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. ئۇلار ھەر كۈنى تۇتقان بېلىقلىرىنىڭ كىچىكلىرىنى ئۆزى يەپ، چوڭلىرىنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، تۇرمۇشقا لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋالىدىكەن. ئايال دائىم ئېرى ئەكىلىپ بەرگەن بېلىقلارنى ياخشى پىشۇرغاندىن كېيىن، پىشقان بېلىقنى ئېرىنىڭ ئالدىدا قويىدىكەن. ئۆزى بولسا ئاشخانىدا ئولتۇرۇپ بېلىقنىڭ بېشى بىلەن قۇيرۇقىنى يەيدىكەن.

شۇ تەرىقىدە نەچچە ئون يىللار ئۆتۈپتۇ. ئۇلارنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ، بەللىرى مۈكچىيىپتۇ. بوۋاي دەريا بويىغا بېرىپ بېلىق تۇتالماس بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئۆيدە بېلىق پىشۇرۇشمۇ، بېلىق گۆشى يېيىشمۇ ئاخىرلىشىپتۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ كۆز نۇرلىرى خىرەلىشىپ يىراقنى كۆرەلمەيدىغان، ئۆز ھالىدىن خەۋەر ئالالمايدىغان ھالغا كېلىپ قاپتۇ. پەرزەنتلىرىمۇ چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلۇپتۇ.

بىر كۈنى بوۋاي ھاسىسىغا تايىنىپ تامغا يۆلىنىپ ناھايىتى تەڭقىسلىقتا مومايغا ئېغىز ئېچىپ:

— توي قىلغاندىن بۇيان ناھايىتى ياخشى ئۆتتۇق. سەندىن ئارتۇقچە نەرسە تەلەپمۇ قىلىپ كەتمىدىم، تاماقلىرىڭنى تاللاپمۇ كەتمىدىم، ھازىر بىز

قېرىپ يېشىمىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، بىر پۈتمىز گۆرگە ساڭگىلىدى. ئەمدى ساڭا كۆڭلۈمدىكى گەپنى دېمىسەم بولمىدى، بولمىسا ئارماندا كېتىپ قالىدىغان ئوخشايمەن. مەن كىچىكىمدىن بېلىقنىڭ بېشىنى يېيىشكە شۇنداق ئامراق ئىدىم، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر سەن بىلەن توي قىلغان كۈندىن باشلاپ، ماڭا بېلىقنىڭ بېشىنى يېيىش نېسىپ بولمىدى، ئەمدى بولسىمۇ ماڭا بېلىقنىڭ بېشىنى پىشۇرۇپ بەرگەن بولساڭ، بىرەر قېتىم بولسىمۇ بېلىق بېشىنى يەۋالاي، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان موماي هاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە يۇم - يۇم يىغلاپ تۇرۇپ:

— مەن كىچىكىمدىن بېلىق گۆشىگە ئامراق ئىدىم. دۇنيادا بېلىق گۆشىدىنمۇ تەملىك گۆش يوق دەپ ئويلايتتىم، شۇڭا سىزگە ياتلىق بولغانىدىم. ئەمما سىز بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، كۈندە دېگۈدەك بېلىقنىڭ گۆشلۈك يېرىنى سىزگە پىشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزۈم زادىلا خوشۇم يوق، سەسكىنىدىغان بېلىق بېشىنى يەپ كەپتىمەن. سىزنىڭ بېلىق بېشىغا ئامراق ئىكەنلىكىڭىزنى مۇشۇ كەمگىچە خىيالىمغا كەلتۈرۈپمۇ باقماپتىمەن، — دەپتۇ.

بوۋاي بىلەن موماي كۆز يېشى قىلىشىپتۇ، ئۇلار ئالەمدىن ئۆتكۈچە بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇپ ئۆتۈپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيە يامانيار يېزا 9 - كەنتتىن هەسەن موللا، توپلاپ رەتلىگۈچى: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە)



گۈل ۋە قۇش

ئارزۇ مۇرادى سىزغان



فاتىمە كەرىمزادە سىزغان

ھەمسۆھبەت


# 源 泉 (布拉克)

# بۇلاق

( 维吾尔文 ) 总155期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 155 ـ سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编：艾力·托呼提 副主任：穆合塔尔·马木提

باش مۇھەررىر: ئەلى توختى مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مۇختار مامۇت

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐八家户彩印有限公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر)
ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号：CN65-1063/I
国际标准连续出版物号：ISSN 1005-0876
国外发行号：Q1118 邮政编码：830001
邮政代码：58-108 定价：8.50元
广告经营许可证号：6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1063/I
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1005-0876
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118 پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108 باھاسى: 8.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043